بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林 المسلم الصيني



ISSN 1007-5836

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة


4
2001

# جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزگەن «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» كىتابىنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمىدىن كۆرۈنۈشلەر






مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ئېتىقادچى ئامما ۋەكىللىرى بولۇپ 300دەك كىشى قاتناشتى.



مۇراسىمدا رەھبەرلەر «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» كىتابىنى ھەدىيە قىلماقتا.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەئىسى، ھەيئەت مۇدىرى چېن گۇاڭيۈەن مۇراسىمدا سۆز قىلماقتا.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى نۇر بەكرى سۆز قىلماقتا.



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ سۆز قىلماقتا.



لىۋىيە ئىسلام دەئۋەت جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى دوكتور مۇھەممەد ئەھمەد شەرىف جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى برۇناي دارۇسسالامدا خەلقئارالىق ئىسلام مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ١

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ٣

مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ٤ إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ

نَسۡتَعِينُ ٥ ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ٦

صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ

عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ٧

**«فاتىهە»(1-سۈرە)**

*ئوقۇلۇشى:*

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم(1)**

ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن(2) ئەررەھمانىررەھىم(3) مالىكى يەۋمىددىن(4) ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋەئىيياكە نەستەئىن(5) ئىھدىنەس سىراتەل مۇستەقىم(6) سىراتەل لەزىينە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززالين(7)


*تەرجىمىسى:*

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.(1)**

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر(2). ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر(3). قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر(4). (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز(5). بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن(6). غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)(7).

# مۇندەرىجە

المسلم الصيني




## ئالاھىدە خەۋەرلەر

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» كىتابىنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى..........بارات رەجەپ (4)
ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىللىقى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى..........بارات رەجەپ (6)
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللانىڭ سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى.......... (7)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باش مۇھەررىر شەمشىدىن ھاجىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى..........(9)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مۇكاپاتلىغان مۇنەۋۋەر ئاپتورلار ۋە مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەر..........(12)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى..........
..........مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (13)

## «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى توغرىسىدا قىسقىچە بايان..........
..........يۈسۈپجان سەمەت (18)

## ئالىم-ئۆلىمالار

ئىسلام دىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك»..........
.......... مۇھەممەدتجان ئىبراھىمجان (21)

## ۋەز-تەبلىغ

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاللاھنىڭ چاقىرىقىدۇر..........
..........سابىر ئىمام (36)

## ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى

ئانىلارنىڭ ھەم بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىمىلى..........
..........ياقۇپ ھەمدۇللا (38)
ئانىلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا..........ئابلىكىم ئابلىز (43)
ئىسلام دىنىدىكى پەرزەنت تەربىيىلەش توغرىسىدا..........
..........ئەخمەتجان ئابلىمىت (45)

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

( پەسىللىك ژۇرنال 季刊 )
( ئومۇمىي 61 -سان 总第61期
(2001- يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى)

باش مۇھەررىر :
شەمشىدىن ھاجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :
ھاجى بارات رەجەپ
تېخنىك تەھرىرى :
ئەنۋەر مۇھەممەد
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :
شەمشىنۇر ھوشۇر

主　　编: 夏米西丁·哈吉
副 主 编: 巴拉提·热吉甫
技术编辑: 安瓦尔·穆罕默德
封面设计: 夏美希努尔·吾守尔

刊号
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 邮发代号: 58—167

# مۇندەرىجە

CHINA MUSLIM


2001

4

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053

تېل: 010 - 63513181 ، 83520073

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001

تېل: 0991-2566193

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：全国各地邮局

《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053
电话：(010) 63513181，83520073
新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号
邮编：830001电话：(0991) 2566193


## ئىسلام قائىدە-يوسۇنلىرى


قەبرە زىيارەت قىلىش توغرىسىدا ......................ئىسمائىل ياقۇپ (46)

بۇۋى پاتىمەنىڭ تويلۇقى ۋە تۇرمۇشى....................ئابدۇۋاھىت توختى (51)


## ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار


ئەھلى ئىلىملەر ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەردىن قەتئىي ساقلىنايلى...............................ئابدۇرەھمان ئىسمائىل (52)

ئىسلام دىنىغا يات بولغان بىمەنە ئىشلار قاچان تۈگەر؟...................................................خۇرشىدە قادىر (54)


## مەسچىت-مەدرىسلەر


شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت..................... ماپىنيىن (55)


## ئىسلام بىلىملىرى


ھاراقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ھېكايەت...............................دېھقانى (57)

باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىگە چېقىلماسلىق توغرىسىدا......نىزامىدىن قارى(57)


## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر


لۋىيە ئىسلام دەئۋەت جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى برۇناي دارۇسسالامدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىسلام مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى كورىيەدە زىيارەتتە بولدى.................. ئادىل ھاجى كېرەم (58)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


مەتنىياز ئىمىن، ياقۇپ سىراجى، ئابدۇللەھەد ئالىم، مايۈچى، ئادىل ئەمەر خەۋىرى..... (59)


## ئىسلام مائارىپى


مۇسا ئىمىن، ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد، مۇھەممەد تۇرسۇن، تۆمۈر دوستالى، ئابلىمىت ئابدۇخالىق، ئابدۇكېرىم قۇربان، ھەسەنجان قۇربان، مۆمىنجان قادىر خەۋىرى ......(60)


## تەۋھىكار دىنىي زاتلار


مەخمۇت مۇھەممەت، غالىپجان مۇھەممەد، ياقۇپ ھاجى، توختى ئاۋۇت، تۇرسۇن ئوسمان، ھىدايەت ئەخمەت، شاھىمەردان، روزى مويىدىن، ھامۇتجان خەۋىرى......(61)

ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار　　تىمسىقا خىزۋە　　سەھىيلىرىدە ھاجى ياقۇپ ئۆمەر، ئابدۇرەھىم مۇھەممەد، مەخمۇت مۇھەممەد خەۋىرى........................(62)

ژۇرنىلىمىزنىڭ 4-بېتىدە: 2002-يىللىق مىلادىيە، ھىجرىيە كالېندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

## جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» كىتابىنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

2001-يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ھالدا «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» كىتابىنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىمام ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھارۇنخان داموللا ھاجى، مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ھاجى ئەكبەر قوگۇر، نىياز قارىي ھاجى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى سۇلايمان ما كەيشيەن، مۇسا نۇرىددىن لۇي جىنخۇ ھەمدە شىنجاڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن 300كىشى يىغىنغا قاتناشتى. كىتاب ھەدىيە قىلىش مۇراسىمىغا مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ رىياسەتچىلىك قىلدى، چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، نۇر بەكرى، ياڭ تۇڭشياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى سادىق قارىي ھاجى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ساھەسى ۋەكىللىرىدىن جارۇللا قارىي مۇراسىمدا سۆز قىلدى.

كىتاب ھەدىيە قىلىش مۇراسىمدا رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن سۆزقىلىپ، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»كىتابىنى يېزىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئېيتىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: "بىز بۇ يىل 4-ئايدا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇردۇق، بۇ ھەيئەت قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى باشلاندى. ھەيئەتلەر ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭغا ناھايىتى ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتتى. دۆلەتكە مەسئۇل بولۇش، ئىسلام دىنىغا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن، كىتابتىكى بىر مۇنچە چۈشەنچە، ھۆكۈملەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، نەقىل ئېلىنغان ھەر بىر ئايەت، ھەدىسنى ئەسلى نۇسخىسى بىلەن بىر-بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىقتى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بىر ئورگان. بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن ئالدىنقى يىلى 9-ئايدىن باشلاپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نۇرغۇن كۈچ ئاجراتتى. يېزىشقا قاتناشقۇچىلار بىر نەچچە قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەپ پىكىر ئالدى ھەمدە شىنجاڭ يېزىپ تارقاتقان «ۋەز-نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى»نى ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى. موشۇ ئاساستا 12 پارچە ۋەز-تەبلىغ ماقالىسىنى يەتتە قېتىم ئۆزگەرتىپ چىقتى، ئەڭ ئاخىردا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ ۋەز-تەبلىغلارنى يېزىش جەريانىدا باشتىن ئاخىر ئىمام-خاتىپلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ سۆزلىشىگە ئۇيغۇن بولۇش، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇش، ئاممىغا يېقىن بولۇش، ئەمەلىيەت بىلەن ماسلاشقان بولۇشتىن ئىبارەت بىر نەچچە نۇقتا تەكىتلىنىپ، ماقالىلار پىششىقلاندى. شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى مەسچىتلەردە ۋەز-تەبلىغ قىلىش سىناق قىلىنىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى". چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ئاخىردا ئىمام-خاتىپلارنىڭ بۇ كىتاب ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئەقىدىسى ۋە ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىننى، تىنچلىقنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

مۇراسىمدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى نۇر بەكرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: "«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتىكى يېڭى تەدبىر، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەشتىكى ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش،

تەربىيىلەش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەشتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى كىتاب-ئەقىدىلەرنى توغرا ئىزاھلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشتۇر". ئۇ ر بەكرى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: "ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، دىنىي خىزمەت ئورۇنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى خىزمەت تارماقلىرى«يېڭى ۋەز-تەبلىغ»لەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشى، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تەسىر كۈچى ئارقىلىق دىنىي زاتلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ قىلىش مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك. كۇرس ئېچىش، كۆرەككە ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نى ۋەز-تەبلىغ قىلىش تەربىيىسى خىزمىتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. دىنىي زاتلار جامائەت بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا تەسىر كۆرسىتىش ھەم ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتەك ئۇلۇغ بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان. دىنىي زاتلار چوقۇم ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش روھىنى داۋاملىق ئۇرغۇتۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئاۋۋالقىدەكلا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»دىكى دىنىي ئەقىدە، شەرىئەت بىلىملىرىنى ئاممىغا چۈشەندۈرۈشى، ۋەز-تەبلىغ قىلىش جەريانىدا دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشى، بۆلگۈنچى ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىك تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم.

ئاخىردا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نى تۈزۈش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشر قىلىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇ مۇنداق دېدى: "يېقىنقى يىللاردىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشى مەسىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مەملىكەت بويىچە كۆپ قېتىم ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ يېڭى ۋەز-تەبلىغ يېزىش، يېڭى ۋەز-تەبلىغ ئۆگىنىش، يېڭى ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىدىكى ئالىم-ئۆلىما، ئىمام-خاتىپلار«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» ماقالىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ ئىككىنچى كۈنىلا رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن 12 پارچە ۋەز-تەبلىغ ماقالىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزگەرتىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلدى. كۆپچىلىك ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ۋەز-تەبلىغ ماقالىسىنىڭ سۆز-جۈملىلىرىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابقا مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ئورتاق ئەقىل-پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكى مۇجەسسەم بولدى دېيىشكە بولىدۇ". ياڭ تۇڭشياڭ ئۆز سۆزىدە يەنە كەڭ ئىمام-خاتىپلاردىن كۈتىدىغان ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى: "ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ھەر بىر زات ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش، تەربىيىلەش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇقەددەس بىر دىنىي ۋەزىپىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇ ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي بۇرچتۇر. سىلەرنىڭ «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» كىتابىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، دىنىي ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيەڭلارنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، قايىل قىلارلىق، دەۋر روھىغا باي ۋەز-تەبلىغ سۆزلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن".

«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»كىتابى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزگەن، جۇڭگو دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى رەسمىي نەشر قىلغان بىرىنچى توپلام بولۇپ، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىسى بېسىلىپ، شىنجاڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ھەدىيە قىلىندى.

كىتاب ھەدىيە قىلىش مۇراسىمىدىن بۇرۇن رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، سۇلايمان ما كەيشيەن، مۇسا نۇرىددىن لۈي جېنخۇ ۋە ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى كاتىبات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىدىن ئادىل ھاجى كېرەم، جىن رۇ بىڭ، ما لىچياڭ قاتارلىقلار 8-ئاينىڭ 12-كۈنى شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بارغان ۋە«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» كىتابىنى ھەدىيە قىلغانىدى. (بارات رەجەپ)

# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىللىقى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش، مۇنەۋۋەر ئاپتورلار، ژۇرنال تەشۋىقاتى، مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك ۋە تارقىتىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئويغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى 2001-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

سۆھبەت يىغىنىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى 8-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئېچىلدى؛ مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بارات رەجەپ رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بېك مۇھەممەت مۇسا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى توختى روزى، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاپىز نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رىشت نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلغۇچىسى سۇنجى، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غوپۇر رىشت، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى، باش كاتىپى ئىبراھىم ۋۇ جىڭگۇاڭ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق گېزىت-ژۇرناللارنى تارقىتىش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى؛ بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مۇنەۋۋەر ئاپتورلار، مۇشتەرى توپلاش ۋە تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار، ئالاقىدار گېزىت، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى بولۇپ 80دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

باشلىنىش مۇراسىمىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى ژۇرنال ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيانقى بەش يىللىق خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىپ ئۆتتى (قىسقارتىلمىسى ئايرىم بېرىلدى)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تەشۋىقات، مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى (ئايرىم بېرىلدى). باشلىنىش مۇراسىمىنىڭ ئاخىرىدا بارات رەجەپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلار ۋە مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مۇراسىمغا قاتناشقان رەھبەرلەر مۇنەۋۋەر ئاپتورلارغا ھەم مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرگە گۇۋاھنامە، مىس لەۋھە ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى.

يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن 8-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن كېيىندىن 26-كۈنىگىچە يىغىن ۋەكىللىرى سۆھبەتكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، يىغىندا ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەر، مۇنەۋۋەر ئاپتورلار ۋەكىللىرى ژۇرنالنى تەشۋىق قىلىش، مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش، ماقالە يېزىش قاتارلىق جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك، ماقالە تاللاش، سەھىپىلىرىنى ياخشىلاش ھەققىدە قىممەتلىك پىكىر-تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. يىغىن ئاخىرىدا يىغىن ئەھلى ئۈرۈمچى نەنسەن ساياھەت رايونىغا ساياھەتكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

يىغىن ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار ئاخبارات ۋاسىتىلىرى خەۋەر قىلدى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى توغرۇلۇق مەخسۇس پروگرامما ئىشلىدى.

(بارات رەجەپ)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللانىڭ سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى

(2001-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى)

يولداشلار !

يېقىندا بىز «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» دېگەن كىتابنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق. بۈگۈن مەن يەنە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىللىقى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. چۈنكى بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن ساھەسىدىكى چوڭ ئىش. شۇنداقلا بىزنىڭ دىن خىزمىتىمىزدىكى چوڭ ئىش، ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)غا ۋاكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن خىزمىتىنى قوللىغانلىقىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا 1996-يىلى ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تارقىتىلىشقا باشلىدى. بەش يىلدىن بۇيان مەزكۇر ژۇرنال ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش بايرىقىنى باشتىن ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنغا دائىر سىياسەت ، قانۇن، قائىدە-نىزاملىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئاكتىپ سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەپ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. سەككىز مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ-كۆلەمدە ئېچىشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. موشۇنداق ۋەزىيەتتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ يەردە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچقانلىقى بۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر ژۇرنالنى قانداق قىلىپ ياخشى چىقىرىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا بۇ يىغىن ژۇرنالنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا تېخىمۇ ياخشى يېتەكلىشىدە پائال رول ئوينايدۇ. مەن موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ژۇرنالنى تارقىتىش خىزمىتى توغرىسىدا بىر نەچچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

1. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر-دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇشى، ژۇرنالنى تارقىتىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشى لازىم. ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتى—جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى چىقارغا ژۇرنال، موشۇنداق بىر ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىش دىنىي زاتلارغا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغا ئاممىغا دىنغا دائىر سىياسەت، قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى تەشۋىق قىلىشىمىزغا پايدىلىق، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى

ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ھەممىگە مەلۇمكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى؛ ئۇلار تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، بىر قىسىم ئامما ئارىسىدا يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى، بەزىلەر ھەتتا خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش يولىغا ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىسلام دىنىغا قارىتا يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. شۇڭا بۇ ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىش دۈشمەن كۈچلەر تارقاتقان بىدئەت تەلىماتلارغا رەددىيە بېرىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىش ئاپتونوم رايونىمىز دىن خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك دىن خىزمىتى تارماقلىرى بۇنىڭغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، تارقىتىش خىزمىتىنى چوقۇم تەلەپ بويىچە ياخشى ئىشلىشى لازىم.

2. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەھرىرلەش خىزمىتىنى پائال قوللىشى لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيىنىڭ مىللەتلەر-دىن سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا پائال قاتناشتى، ئۇلار ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار مەيدانغا كەلدى. بىز ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»دىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك ئارقىلىق ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بارلىققا كەلگەن تىپىك شەخسلەر ۋە سورۇنلارنىڭ تىپىك ئىش-ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز، ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش جەھەتتىكى يېڭى ئىشلىرى، يېڭى تەجرىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېڭى ئۇلۇغۋار دەۋردىكى يېڭى ئوبرازىنى تىكلىشىمىز كېرەك.

3. جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش لازىم. تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىسى زىچ بولغاچقا، ئۇلار ژۇرنالنى تارقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئىنتايىن پايدىلىق شارائىتقا ئىگە. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى بۇ خىزمەتنى پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشى،كەڭ مۇسۇلمانلارغا بۇ ژۇرنالنى تونۇشتۇرۇشى، تەشۋىق قىلىشى، خىزمەتنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئارقىلىق تارقىتىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئۇلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك.

يولداشلار! ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنىڭ نەشىرگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بىز ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىنىڭ بۇنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم يولىدا دادىل ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەشتۈرۈشنى، رىغبەتلەندۈرۈشنى، يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باش مۇھەررىر شەمشىددىن ھاجىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى(قىسقارتىلمىسى)

(2001-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى)

مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىللىقى سۆھبەت يىغىنى بۈگۈن بۇ يەردە ئېچىلدى. مەن ئاۋۋال جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن بۇ يىغىنغا قەدەم تەشرىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىغا ۋە ۋەكىللەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن؛ يىغىنغا قاتناشقان، ئۆتكەنكى بەش يىلدا ژۇرنىلىمىزنى ئاكتىپ قوللىغان، ژۇرنىلىمىزنى نەشر قىلىش، تەشۋىق قىلىش، ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تۆھپە قوشقان ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرى ھەم ئاپتورلار ۋەكىللىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە سەممىي سالام يوللايمەن.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارىمىقىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدا، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. بۇ ژۇرنال مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ھەم تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن 1957-يىلى تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى نامايان قىلىپ، ھەر ساھەدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى، بىراق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئارىلىقتا ئىككى قېتىم توختاپ قالدى. 1993-يىلى 12-ئايدا ئېچىلغان جۇڭگو ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى شىنجاڭدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان ۋە بىر يىل تەييارلىق قىلىپ 1995-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەينى ۋاقىتتىكى گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىگە مەخسۇس دوكلات يوللىغانىدى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1995-يىل 11-ئايدا مەخسۇس ئالاقە چۈشۈرۈپ، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئۇيغۇرچە بۇ ژۇرنالنى تارقىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى ۋە قولايلىق يارىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق تارماقلار بۇ خىزمەتكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى ھەم ئۇنى ئاكتىپ قوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1995-يىل 11-ئايدا ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىگە «ئۇيغۇرچە ‹جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى› ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش ھەم ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش، تەشۋىق قىلىش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار، مەسچىتلەر، كەڭ مۇسۇلمانلار ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى مەزكۇر ژۇرنالغا قىزغىن مۇشتەرى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ھەمدە بۇ ژۇرنالغا ئاكتىپ تۈردە ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى بۇ خىزمەتنى ئۆزىنىڭ مۇھىم خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزدى ۋە مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى.

بۇ ژۇرنال ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش ۋاقتىدا مەركەزدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار بۇ ژۇرنالنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)لى دېجۇ قاتارلىق رەھبەرلەر ژۇرنىلىمىزغا مەخسۇس بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، ژۇرنالنى ياخشى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى.

مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ژۇرنىلىمىزغا پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، 1996-يىلىنىڭ بېشىدا بۇ ژۇرنال رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

بۇ ژۇرنال ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ژۇرنىلىمىز جەمئىيىتىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ژۇرنال ئىشلەش يۆلۈنۈشىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنى، ھەر خىل ئالاقىدار قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ۋە ئەقىدە ئەھكاملىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش، ۋەز سۆزلەش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنى ئەقىدە-ئەھكاملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھەر خىل بىدئەت تەلىماتلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئىبادەت، قائىدە-يوسۇن، رەسمىيەتلەرنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ "ۋاستىلىق كۆۋرۈكلۈك" رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر ياخشى رول ئوينىدى.

بەش يىلدىن بۇيان ژۇرنىلىمىزدا 160 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل دىنىي ماقالە، دىنىي زاتلارنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان 100پارچىدىن ئارتۇق ماقالە، دىنىي زاتلار، كارخانىچىلار، مۇسۇلمانلارنىڭ مائارىپقا ئىئانە بېرىش، ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ يول، كۆۋرۈك ياساش، نامراتلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا، مېيىپلارغا ياردەم قىلىش، ئىتتىپاقلىق، دوستانىلىق روھىنى نامايان قىلىش مەزمۇنىدا نەچچە يۈز پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى.

بەش يىلدىن بۇيان ژۇرنىلىمىزنىڭ ئاپتورلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ باردى؛ پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن بىر تۈركۈم ئاپتورلار مەيدانغا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئاپتورلىرى بار. ئۇيغۇرلاردىن شېرىپجان داموللا، ئابدۇللا داموللا، مۇھەممەد سالىھ داموللا، قازاقلاردىن قازىز داموللا، ھاجى ئەكبەر داموللا، قىرغىزلاردىن ھۇسەيىن ھاجى قاتارلىق پېشقەدەم ئۆلىمالىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ياشىنىپ، تېنىنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئاكتىپلىق بىلەن ماقالە يېزىپ، پېشقەدەم ئۆلىمالارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلار ژۇرنىلىغا بولغان كۆيۈنۈشى ۋە قوللىشىنى ئىپادىلىدى ھەمدە ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئۆلىمالارنىڭ ئاكتىپ ماقالە يېزىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئازاتلىقتىن كېيىن ئۆزىمىز يېتىشتۈرگەن، ھەتتا چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن ئىسلام دارىلفۇنۇنى ۋە دىنىي مەكتەپ ئۇستازلىرىنى، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردىكى مەسچىتلەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئوتتۇرا ياش، ياش ئىمام-خاتىپلارنى ھەمدە ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان ياش تالىپلارنى مەركەز قىلغان بىر تۈركۈم ئاپتورلار مەيدانغا كېلىپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە ئۆلىمالىرى قوشۇنىنىڭ ئىز باسارسىز قالمىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇنداقلا ھۆكۈمىتىمىز دىنىي سىياسىتىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىزچىللىقىنى گەۋدىلەندۈردى. بولۇپمۇ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى شۇكى، قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى، زۇلپىيە ئوسمان، ھاجى ئاتىكە مىرەخمەت قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇسۇلمان خانىم-قىز ئاپتورلار ژۇرنىلىمىزنىڭ ئاپتورلار قوشۇنىغا مۇبارەك قەدەملىرىنى باستى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار نۇقتىنەزىرى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى، بالىلارنى سۆيەتلىك بېقىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ياخشى ماقالىلارنى يېزىپلا قالماستىن يەنە ئىسلام دىنىدىكى ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارغا دائىر دىنىي ئەقىدە ماقالىلىرىنىمۇ يېزىپ، ژۇرنىلىمىز ئاپتورلار قوشۇنىنى يېڭى كۈچكە ئىگە قىلدى. ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى خانىم-قىزلار تەربىيىسى، مۇسۇلمان ئاياللىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىق روھىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى تەسىرات پەيدا قىلدى.

يەنە بىر مۇنچە ئاپتورلار شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا ساقلىنىۋاتقان، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ماس كەلمەيدىغان، ئەدەپ-ئەخلاققا ئۇيغۇن بولمىغان تۈرلۈك ناچار قىلمىش ۋە قائىدە-يوسۇنلارنى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىپ» ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن-نىزاملىرى ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدى. مەسىلەن، مورى ناھىيىسىدىن ياقۇپ ھەمدۇللا، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ھۇسەنجان تۇرسۇن، زۇلپىيە ئوسمان قاتارلىقلار بۇ جەھەتتە بىر مۇنچە ياخشى ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر ئىسلام ئالىمى ۋە قۇرئانشۇناس پروفېسسور ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ،

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇۋەھهاب سۇك ئېلىن قاتارلىق بىر تۈركۈم خۇيزۇ مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە دىنىي زاتلىرىنىڭ قۇرئانشۇناسلىق، ئەقىدە، فىقھە قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر مۇنچە مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ۋە ئالقىشقا ئېرىشتى.

ژۇرنىلىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ھەر خىل بىدئەت تەلىماتلارغا تاقابىل تۇرۇش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادى، ئەدەب-ئەخلاقى، ھەربىكەت مىزانى قاتارلىقلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۈلگە كۆرستىش رولىنى ئوينىدى. بەزى رايونلاردا بەزى ئەقىدە ۋە دىنىي رەسمىيەت جەھەتتە چۈشەنچىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولغانىدى، ھەتتا بەزىدە يامان كىشىلەر تەرىپىدىن سۇيئىستېمال قىلىنىپ زىددىيەت كېلىپ چىققانىدى. بۇ رايونلاردىكى دىنىي زاتلار مەسچىتلەردە ۋەز-تەبلىغ قىلغاندا ژۇرنىلىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلارنى ئوقۇپ، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتكەن، مۇقىملىقنى ساقلىغان. پىشقەدەم دىنىي زات شېرىپجان داموللا ھاجىنىڭ «ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى» دېگەن ماقالىسىدا دەپنە قائىدىلىرى ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى نۇقتىسىدىن بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مېيىت يۇيۇش، كېپەنلىككە ئوراش، مېيىت ئۇزۇتۇش، قەبرىگە قويۇش قاتارلىق رەسمىيەتلەر شىنجاڭنىڭ بىر مۇنچە رايونلىرىدا ئانچە قېلىپلاشمىغانىدى، ھەتتا بەزىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىققا تەسىر يەتكەنىدى. بۇ ماقالە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ماقالە دەرسلىك قىلىنىپ، بۇ رايونلاردا غەسسال ۋە غەسسالەلەر (ئەر-ئايال مېيىت يۇيغۇچىلار) كۇرسى ئېچىلىپ، مېيىت يۇيۇش، مېيىت ئۇزۇتۇش قائىدىلىرى قېلىپلاشتۇرۇلغان ھەم ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلگەن.

ژۇرنىلىمىزنىڭ «ياش ئالىملىرىمىز» دېگەن سەھىپىسىدە ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەردىن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىلمىي تەتقىقات، ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان دوكتورئاشتى ۋە بىر قىسىم دوكتورلارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇش يوللىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ياشلىرى ۋەتەنىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەنگەن ۋە ئىلھاملاندۇرۇلغان.

ژۇرنىلىمىزنىڭ «تۆھپىكار دىنىي زاتلار»، «ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان دىنىي زاتلار، مۇسۇلمان كارخانىچىلار، جاپالىق ئىشلەپ باي بولغان ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ۋەتەنىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ۋە مائارىپقا، نامرات ئائىلىلەر، يېتىم-يېسىرلار، مېيىپ-ئاجىزلار، ئىگە چاقىسىزلار، يول-كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە ئاتاش قاتارلىق جەھەتتىكى ئىلغار ئىش-ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ۋە كۆيۈنۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان.

بەش يىلدىن بۇيان ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدە ژۇرنال چىقىرىش نىشانىنىسىدا چىڭ تۇردۇق، تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوررېكتورلۇق تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدۇق؛ سىياسىي ھالقىسى، ئەدىيە ھالقىسى، سىياسەت ھالقىسى، ئىتتىپاقلىق ھالقىسى، دىن ھالقىسى، ئىجابىيلىق ھالقىسى، شىنجاڭ ئەمەلىيىتى ھالقىسى، ئالاھىدىلىك ھالقىسى، تېخنىكىلىق كەسپ ھالقىسى ۋە تىل-يېزىق ھالقىسىدىن ئىبارەت 10 ھالقىنى چىڭ ئىگىلەشكە تىرىشتۇق. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي پرىنسىپتا چىڭ تۇردۇق. موشۇ ئاساستا ئۈزلۈكسىز تۈردە ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىنى كۆپەيتىپ، مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ، بەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى جانلاندۇرۇپ، ژۇرنال سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بېرىچە ژۇرنىلىمىزنى بىلىملىك، ئوقۇشلۇق، يېتەكچىلىك ۋە دەۋر روھىغا ئىگە قىلىپ چىقىشقا تىرىشتۇق.

ئۆتكەن يىلى 11-ئايدا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدىنىڭ دىن خىزمىتى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى توغرىسىدا سۆزلىگەن نۇتقى شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتى ۋە ژۇرنىلىمىز ئۈچۈن يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ يېقىندا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاج تېپىۋاتقانلىقى، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، دىنىي ئەسەبىيلەر تارقاتقان ھەر خىل بىدئەت تەلىماتلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋەزىپىسى قاتارلىقلار ژۇرنىلىمىزغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ژۇرنىلىمىز يېڭى ۋەزىيەت ۋە رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە، بۇنداق ئەھۋالدا ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئۆستۈرۈپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەپ، ژۇرنالنى دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ژۇرنال قىلىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنى تەھرىرلەش خىزمىتىدە يەنە بىر مۇنچە يېتەرسىزلىكلەر بار، ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى ۋە بەت ياسىلىشى تېخى مول ئەمەس، قىلماقچى بولغان بەزى ئىشلىرىمىزنى قىلىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىدۇق؛ ئاساسىي قاتلامدىكى تارقىتىش تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىمىز كۆپ ئەمەس؛ ئاپتورلار قوشۇنى بىلەن بولغان ئالاقىمىز تېخى بەك قويۇق ئەمەس؛ بەزى جايلاردا تارقىتىش يوللىرى تېخى كەڭ ئېچىلمىدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىش سانىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، كېلەر يىلى ژۇرنىلىمىزنى ئۆزىمىز تارقىتىش بىلەن بىللە پوچتا ۋە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق تارقىتىشنى بىللە ئېلىپ بارماقچىمىز. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىككى كۈنلۈك يىغىندا تەشۋىق قىلىش، تىراژ توپلاش، تارقىتىش تەجرىبىلىرىنى تولۇق ئالماشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، ژۇرنال سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تىراژ توپلاش، تارقىتىش يوللىرىنى ئېچىش، تارقىتىش سانىنى ئاشۇرۇش، ژۇرنال مەزمۇنىنى بېيىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىرلىرىنى بېرىپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىشقا ھەمدەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مۇكاپاتلىغان مۇنەۋۋەر ئاپتورلار ۋە مۇشتەرى توپلاش، ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەر**

1. **ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن، ۋىلايەتلەر (ئۈچ):**

شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى

2. **ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەرلەر) [ئالتە]:**

**قەشقەر ۋىلايىتىدىن:** يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى

**خوتەن ۋىلايىتىدىن:** قارىقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى

**ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن:** ئونسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، باي ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى

**بايىنغولىن ئوبلاستىدىن:** كورلا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى

3. **مۇنەۋۋەر ئاپتورلار (توققۇز نەپەر):**

**مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى** (شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن)؛ **مۇھتەرەم ھاجى** (شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن)؛ **شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد** (شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن)؛ **قەمەرىدىن ئەھمەد** (شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن)؛ **ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد** (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **ياقۇپ ھەمدۇللا** (مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىن)؛ **خوجا ئابدۇللا ئوسمان** (شىنجاڭ-ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسىدىن)؛ **شاھمەردان ئىمىننىياز** (تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **قەيسەر قۇربان** (مىللەتلەر نەشرىياتىدىن).

4. **ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاشتىكى ئىلغار شەخسلەر (سەككىز نەپەر):**

**ھېيىت مجىت** (شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **ئالىم مجىت** (شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **ئابلا تۇرسۇن** (يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **خوجا ئابدۇللا قاسىم** (قاراقاش ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **تۇنىياز قادىر** (ئونسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **تۇنىياز يۇسۇپ** (باي ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **يۇسۇپجان** (كورلا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن)؛ **مەھەممەت تۇرسۇن** (قەشقەر شەھىرى تەڭرىتاغ كىتابخانىسىدىن).

# ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

1

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان ئەمەللەرمۇ بولىدۇ، ئۇنى ئاجىزلىتىدىغان سەۋەبلەرمۇ بولىدۇ. ئىمان تائەت-ئىبادەت بىلەن كۈچىيىدۇ، گۇناھ ئىشلار بىلەن كېمىيىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان گۈزەل ئىسىملىرىنى بىلىش، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى چۈشىنىش ۋە شۇ بويىچە ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىش ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم ئامىللارجۈملىسىدىندۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**ئاللاھنىڭ توقسان توققۇز، يەنى بىر كەم يۈز ئىسمى بار، كىمكى ئۇلارنى ئىگىلىسە جەننەتكە كىرىدۇ**''.

بۇ يەردە''ئىگىلەش'' دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ئېسىدە تۇتۇش، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا سانا ئېيتىش، ئاللاھقا دۇئا-تەلەپ ئىلتىجادا بولۇش، چىن ئېتىقاد قىلىش، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئىش قىلىش، ئاللاھنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش، چەكلىگەنلىرىدىن چەكلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ئىگىلىگەن ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. جەننەتكە مۆمىن ئادەملەرلا كىرەلەيدۇ. دېمەك ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ياخشى ئىگىلەش ئىماننىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە كۈچىيىشىنىڭ مەنبەسىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەزمۇنى تەۋھىدنىڭ ھەممە تۈرىنى— تەۋھىدى رەبۇبىيەت، تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت، تەۋھىدى ئەسمائى ۋەسسىفاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. تەۋھىدى رەبۇبىيەت— ئاللاھ تائالانى ھەممە شەيئىنىڭ پەرۋەردىگارى، پەرۋىش قىلغۇچىسى، ئاللاھتىن باشقا پەرۋەردىگار، پەرۋىش قىلغۇچى يوق دەپ چىن ئېتىقاد قىلىش، يەنى مەخلۇقاتلارنى يارىتىش، ئۇلارغا رىزىق بېرىش، ئۇلارغا ھاياتلىق بەخش ئېتىش، ئۇلارغا ئەجەل يەتكەندە ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىش قاتارلىق ئاللاھقا خاس ئىشلاردا ئاللاھنى يىگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش.

2.تەۋھىد ئۇلۇھىيەت— ھەقىقىي ئىلاھ بىرلا، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ چىن قەلبى بىلەن ئېتىقاد قىلىش، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، يەنى ناماز، روزا، ھەج، زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ھېچقانداق غەرەز ئارىلاشمىغان ھالدا يالغۇز ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش.

3. تەۋھىد ئەسمائى ۋەسسىفات— ئاللاھ تائالانى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدە يىگانە دەپ بىلىش. دېمەك ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە قانداق ئىسىملار ۋە قانداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بولسا، شۇ بويىچە ئاتاش ۋە سۈپەتلەشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى كامالەتكە يەتكەن، چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، ئۇلارنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئۇلار ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ياخشى بىلگىلى ۋە بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق مەرىپەت ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تونۇشى چوڭقۇرلاشقانسېرى ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ، ئاللاھنى شۇنچە دوست تۇتىدۇ، ئاللاھنى دوست تۇتقان ئادەمنى ئاللاھمۇ دوست تۇتىدۇ. كەلىمە تەۋھىد دېيىلگەن :'' لا إله إلاّ اللهُ'' يەنى''بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق'' سۆزى ئەنە شۇ تەۋھىد تۈرلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

" أَسْماء اللهِ الْحُسْنى " يەنى''ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى'' دېگەن سۆز«قۇرئان كەرىم»دە ئايرىم-ئايرىم رەۋىشتە تۆۋەندىكى تۆت ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان.

بىرىنچى،''**ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ ( گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى كەلسە-كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار ( ئاخىرەتتە)**

**قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ"** («ئەئراف» سۈرىسى [7-سۈرە]، 180-ئايەت).

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاللاھنى پاك دەپ بىلىشكە دالالەت قىلىدىغان ئىسىملار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق ئىسىملار ھېسابلىنىدۇ، ھەقىقىي مۆمىن ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بويىچە ئاتايدۇ، شۇ ئىسىملارنى تىلغا ئېلىپ ئاللاھدىن تىلىكىنى تىلەيدۇ ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىگە ساداقەتلىك بىلەن ئەمەل قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى بۇرمىلىمايدۇ. مۇشرىكلارغا كېلىدىغان بولساق، ئۇلار "ئاللاھ" دېگەن سۆزنى ئۆزگەرتىپ، بۇتىنى "لات" دەپ ئاتىغان، ئاللاھنىڭ "ئەزىز" دېگەن ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، بۇتىنى "ئۇززا" دەپ ئاتىغان، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى يالغانغا چىقارغان ۋە ئاللاھنى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن، ئۇلارنى تەرك ئەتكىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن جازالىنىدىغان ۋاقتى بار، دېگەن بولىدۇ.

ئىككىنچى، "**'ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار' دېگىن"** («ئىسرا» سۈرىسى [17-سۈرە]، 110-ئايەت).

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چاغدا بىر كېچە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان، ئۇ سەجدىدە تۇرۇپ 'يا رەھمان، يا رەھىم' دېگەن. مۇشرىكلار بۇنى ئاڭلاپ: 'مۇھەممەد بولسا بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىۋاتاتتى، ئەمدى ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بوپتۇ، بىز يەمامەنىڭ رەھمانى (مۇسەيلەمە كاززاپنى دېمەكچى)دىن باشقىنى بىلمەيمىز' دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان"**. بۇ ئايەتتىكى "**ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ"** دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، بەرھەق ئىلاھنى ئاللاھ دېسەڭلارمۇ، رەھمان دېسەڭلارمۇ بەرىبىر ئوخشاش، ئاللاھ بىردۇر، يېگانەدۇر، ئاللاھنىڭ كۆپلىگەن گۈزەل ئىسىملىرى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز كامالەتلىرىگە دالالەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا زات ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، "**تاھا (يەنى ئى مۇھەممەد) قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت (ئاللاھدىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. ئۇ زېمىننى ۋە (كەڭ) ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان. مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر). ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى ئۇ، سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار"** («تاھا» سۈرىسى [20-سۈرە] 1—8-ئايەتلەر).

روشەنكى، بۇ يەردە يەنى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخىرقى ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتلەردە ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ بۈيۈكلىكى، مەلەكۇتىنىڭ كەڭلىكى، مەخلۇقاتىغا بولغان مەرھەمىتىنىڭ چوڭلۇقى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتنىڭ قۇرئاننى خەيرىيەت ۋە بەرىكەت قىلىپ نازىل قىلغانلىقى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق بايانلاردىن كېيىن موشۇنداق ئۇلۇغ، يېگانە زاتنىڭ ئۇلۇغۋار، گۈزەل ئىسىملىرى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

تۆتىنچى، "**ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھدۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلىرىنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىپتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ**

**چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر"** («ھەشر» سۈرىسى[59-سۈرە]، 22--24-ئايەتلەر).

يۇقىرىقى ئۈچ ئايەتتە، ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ بىر قىسىم ئىسىملىرى بىردىن-بىردىن تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ئۇلار ئاللاھنىڭ چىرايلىق ئىسىملىرى دېيىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. ئاللاھنىڭ چىرايلىق ئىسىملىرى مۇئەييەن سان بىلەن چەكلەنمەيدۇ. يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان 99سان پەقەت ئاللاھنىڭ شۇ چىرايلىق ئىسىملىرىنى ئوبدان ئىگىلىگەن بەندىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن بېرىلگەن بىشارەت، خالاس. ئۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ 99دىن باشقا ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى يوق دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنى خەۋەردار قىلمىغان، پەقەت ئۆزىنىڭ ئىلمى غەيبكە خاس قىلغان ئىسىملىرىمۇ بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: **"مۇسۇلمان ئادەم بىرەر غەم-قايغۇغا دۇچار بولۇپ قېلىپ، بۇ دۇئانى ئوقۇسا ئۇنىڭ غەم-قايغۇسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ: 'ئى ئاللاھ! شۈبھىسىزكى، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، سېنىڭ بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن، سېنىڭ ئايال بەندەڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، سېنىڭ مېنىڭ ھەققىمدىكى ھۆكۈمىڭ ئىجرا بولغۇچىدۇر، مېنىڭ توغرامدىكى تەقدىرىڭ ئادىلدۇر. سەن ئۆزەڭنى ئاتىغان ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى سېنىڭ ياراتقانلىرىڭدىن بىرەر نەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيب ئىلمىڭگە خاس قىلغان ھەر بىر ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سورايمەنكى، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى، كۆكرىكىمنىڭ نۇرى ۋە بېشىمدىكى غەم-قايغۇنى كۆتۈرىۋېتىدىغان يورۇقلۇق قىلغايسەن'".**

يۇقىرىدىكى دۇئادا تىلغا ئېلىنغان: **"دەرگاھىڭدىكى غەيب ئىلمىڭگە خاس قىلغان ھەر بىر ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سورايمەنكى..."** دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان، ئەمما بەندىلىرىگە بىلدۈرمىگەن خاس ئىسىملىرىنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

بەزىلەر ئاللاھنىڭ مىڭ ئىسمى بار دەيدۇ، بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ سانى قانچە بولسا، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ سانىمۇ شۇنچىلىك، ھەر پەيغەمبەر بىر ئىسمىدىن مەدەت ئالسا، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھەممە ئىسىملىرىدىن مەدەت ئالدى، دەيدۇ.

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى تۇراقلىق بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرەر سۈرىسى، بىرەر سەھىپىسىمۇ ئۇلاردىن خالىي ئەمەس. ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس زاتى، ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدە يېگانە بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى ۋە ئوخشىشى يوق. مەزكۇر ئىسىم ۋە سۈپەتلەر مەخلۇقاتنىڭ سۈپەتلىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئاللاھقا لايىق ۋە مۇناسىپ خاس سۈپەتلەردۇر. ئاللاھنىڭ كامالەتلىك سۈپەتلىرى ئاللاھنىڭ زاتىغا ئوخشاش ئەزەلىيدۇر، ئەبەدىيدۇر. ئاللاھنىڭ زاتىنىڭ ئەزەلىي، ئەبەدىي ئىكەنلىكىنى «قۇرئان كەرىم»دىكى **"ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر"** («ھەدىد» سۈرىسى[57-سۈرە]، 3-ئايەت)؛ **"زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ، ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ"** («رەھمان» سۈرىسى[55-سۈرە]، 26-،27-ئايەتلەر)؛ **"ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ"** («قەسەس» سۈرىسى[28-سۈرە]، 88-ئايەت قاتارلىق ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

"ئاللاھ" دېگەن سۆز ياراتقۇچى ئۇلۇغ زات پەرۋەردىگارنىڭ خاس ئىسمى بولۇپ، مەيلى ھەقىقىي رەۋىشتە بولسۇن، مەيلى مەجازىي رەۋىشتە بولسۇن، ئاللاھدىن باشقىلار بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالمايدۇ. "ئاللاھ" دېگەن ئىسىم ئاللاھنىڭ بارلىق گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ، كامالەت سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. "ئاللاھ" دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىسىمدۇر. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى "ئاللاھ" سۆزىگە قوشۇلۇپ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسمى دېيىلىدۇ. ئومۇمىي ئاتىلىشتىمۇ ئىزاپەت شەكلى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ئېنىقلىغۇچى، "ئاللاھ" سۆزى ئېنىقلانغۇچى بولۇپ، " أسماء الله الحسنى " يەنى "ئاللاھنىڭ چىرايلىق ئىسىملىرى" دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتىمۇ "ئاللاھ" سۆزى "اسْمُ الْجَلاَلَةَ " يەنى "ئۇلۇغلۇق ئىسمى" دەپ قوللىنىلىدۇ. "ئاللاھ" دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم»دە 980 جايدا تىلغا ئېلىنغان.

"بەندە" سۆزى ئاللاھقا ئىزاپەت قىلىنىپ، يەنى ئېنىقلانغۇچى بولۇپ كەلسە" عَبْدُ الله " يەنى "ئاللاھنىڭ بەندىسى" دېگەن مەنىدە بولۇپ، شەرەپلىك نام ھاسىل

قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» سۈرە«جىن»(72-سۈرە)دىكى ''و أنّهُ لمّا قامَ عَبْدُ الله يَدْعوُهُ ''يەنى ''**ئاللاھنىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا** ....'' دېگەن ئايەتتە موشۇنداق شەرەپلىك تىلغا ئېلىنغان.

ئاللاھ سۆزىنىڭ ئورنىدا ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىدىغان''تەڭرى، خۇدا، پەرۋەردىگار'' سۆزلىرىمۇ''ئاللاھ'' دېگەن سۆزگە ئوخشاش ھۆرمەتلىنىشى، ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىنىشى كېرەك. بۇرۇندىنلا ئاللاھدىن باشقا ھېچنېمە''ئاللاھ'' دەپ ئاتالغان ئەمەس. ئەرەبلەر بۇتلىرىنى''ئالىھە''(ئىلاھلار) دەپ ئاتايتتى. ئۇلار پەقەت ئاللاھنىلا ئاللاھ دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتايتتى. ئاللاھنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى مونۇ سۆزى: ''**ئەگەر ئۇلاردىن: 'ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟' دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: 'ئاللاھ ياراتقان' دەيدۇ**'' («زۇمەر»سۈرىسى[39-سۈرە]، 38-ئايەت) بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

يەنە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى: ''**سەن ئۇنىڭ شېرىكى بارلىقىنى بىلەمسەن؟**'' («مەريەم» سۈرىسى[19-سۈرە]، 65-ئايەت) ھەم بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاللاھقىلا خاس ولغان بۇ ئىسىم (ئاللاھ) ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ئىچىدە تەبئىيكى ئەڭ شەرەپلىك ئىسىم بولۇشقا تېگىشلىك.

ئىسمى ئەزەم دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغانلىقتىن، ئىسمى ئەزەمگە كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئىسمى ئەزەم ئەسلى'' اسْمُ الله الأَعْظَمُ'' (ئىسمۇللاھىل ئەزەم) يەنى''ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى'' مەنىسىدە بولۇپ، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغى ئاللاھ دېگەن سۆزدۇر. ئىسمى ئەزەمنى بېكىتىش توغرىسىدا ئۆلىمالار ئارىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بۇ توغرىدىكى ئوخشىمايدىغان قاراش بويىچە ئۇلار ئىككى پىرقىغا بۆلۈنگەن:

بىرىنچى پىرقىدىكىلەر:''ئىسمى ئەزەم'' دېگەن مەلۇم خاس ئىسىم ياكى مەلۇم مۇئەييەن سۆز دەپ قارايدۇ، ئىمام ئىبنى ھەجەر1- پىرقىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئىسمى ئەزەمنى بېكىتىشتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان 14 خىل ئىسىم ۋە سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردە بىز پەقەت مىسال تەرىقىسىدە ئۇلاردىن بىر قانچىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1- جالالەت يەنى ئۇلۇغلۇق ئىسمى ئاللاھ

2-الرَّحْمن الرَّ حيم الحَيُّ القَيُّوم (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر).

3- ذو الجَلالِ و الإِكْرام (ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك زات)

4- كَلمَـةُ التَّوْحيد. لا الَهَ إلا الله (تەۋھىد كەلىمىسى: بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)

5- الحَنَّانُ المَنّان، بَديعُ السَّمَوات وَ الأَرْض، ذو الْجَلال و الإكرام (ناھايىتى مەرھەمەتلىك، كۆپ ئاتا قىلغۇچى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقۇچى، ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك زات)

بىرىنچى پىرقىنىڭ قارىشى بويىچە يۇقىرىدىكىلەر ئىسمى ئەزەم ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى پىرقىدىكىلەر مۇنداق قارايدۇ: ئىسمى ئەزەم دېگەن بىر خىل پىسخولوگىيىلىك تۇيغۇ بولۇپ، كىشى ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ۋە كامالەتلىرىنى ھېس قىلغان ھالدا بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم سىياقىدا ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈمىدىنى رويابقا چىقىرىپ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ.

ئىبنى ھەجەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، جەئفەر تەبەرى، ئەبۇ ھەسەن ئەشئەرى، ئەبۇ ھاتەم ئىبنى ھىببان، قازى ئەبۇ بەكرى، باقىلانى قاتارلىق بىر قىسىم ئالىملار: ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئەۋزەل بىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغلۇق ئېتىبارى بىلەن ئىسمى ئەزەمدۇر دەپ قارايدۇ.

ئەبۇ جەئفەر تەبەرى: ئىسمى ئەزەمنى بېكىتىشتە رىۋايەتلەر ئوخشىمايدۇ، مېنىڭچە مادامىكى بىرەر رىۋايەتتە ئىسمى ئەزەم موشۇ، بۇنىڭدىن ئۇلۇغراقى يوق دېيىلمىگەن ئىكەن، رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى توغرا دەيدۇ.

سەھىھۇلبۇخارى كىتابىنىڭ شەرھى فەتھۇ بارىدا ئىبىن ھىببانىنىڭ: قۇرئاننىڭ سۈرە، ئايەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بايان قىلىنىشىدىن قۇرئان ئوقۇغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ساۋابنىڭ كاتتىلىقى كۆزدە تۇتۇلغاندەك، ئىسمى ئەزەم ئۈستىدىكى رىۋايەتلەردىن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ ساۋابىنىڭ چوڭلۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمامى جەئفەر سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ئادەم ئىسمى ئەزەم توغرۇلۇق سوراپتۇ، ئىمام جەئفەر سادىق ئۇنىڭغا: ''ئورنۇڭدىن تۇر، بۇ كۆلگە چۈشۈپ يۇيۇنغىن، ئاندىن كېيىن ساڭا ئىسمى

ئەزەمنى ئۆگىتىپ قويغاي» دەپتۇ. ئۇ ئادەم سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپتۇ. بۇ قىش پەسلى بولغانلىقى ئۈچۈن سۇ ئىنتايىن سوغاق ئىكەن. ئۇ ئادەم كۆلدىن چىقماقچى بولغاندا، ئىمامى جەئفەر سادىق شاگىرتلىرىنى بۇيرۇپ ئۇنى سۇدىن چىقارماسلىقنى جېكىلەپتۇ. ئۇ ئادەم ھەر قېتىم كۆلدىن چىقماقچى بولغاندا، ئۇلار ئۇنى كۆلگە ئىتتىرىۋېتىدىكەن. ئۇ ئادەم ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىپ يالۋۇرسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچ ئادەم قۇلاق سالماپتۇ. بۇ ئادەم مېنى بۇلار ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ دەپ ئويلاپ، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۆزىگە نىجاتلىق ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ ئاللاھقا قىلغان دۇئاسىنى ئاڭلاپ ئۇنى سۇدىن چىقىرىپ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپتۇ، ئۇ ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن ئىمام جەئفەر سادىققا: «ئەمدى ماڭا ئىسمى ئەزەمنى ئۆگىتىپ قويغىن» دەپتۇ. ئىمام جەئفەر سادىق ئۇنىڭغا: «سەن ئىسمى ئەزەمنى بىلىۋالدىڭ، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھقا دۇئا قىلىۋىدىڭ، ئاللاھ دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلدى» دەپتۇ. بۇ ئادەم ئىمام جەئفەر سادىققا: «بۇ نېمە دېگىنىڭ؟» دەپتۇ، ئىمام جەئفەر سادىق: «ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ئىسىملاردۇر. كىشى دىلى باشقا ئىشتا بولۇپ ئاللاھنى ئەسلىگەندە بۇنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھدىن غەيرىيدىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا، مانا بۇ ئىسىم ئىسمى ئەزەم ھېسابلىنىدۇ. سەن بىزنى مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى دەپ ئويلىغىنىڭدا پۈتۈن ئۈمىدىڭ ئاللاھدا بولدى، مانا موشۇنداق ھالەتتە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن قايسى ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، مانا شۇ ئىسمى ئەزەمدۇر» دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسمى ئەزەم توغرۇلۇق رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردە مۇئەييەن بىر ئىسىم بېكىتىلمەي، تۈرلۈك ئىسىملارغا «ئىسمى ئەزەم» دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ: «ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن سورايمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھقا ھەممە مۇھتاجدۇر، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ۋە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: **«سەن كىشى سورىسا ئاللاھ بېرىدىغان، دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ سورىدىڭ»** دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرگەندە بىر ئادەم ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىۋاتىدىكەن. ئۇ دۇئاسىدا: «ئى ئاللاھ! سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، سەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقۇچىسەن، ئەزىمەتلىكتۇرسەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: **«ئۇ ئادەمنىڭ نېمە بىلەن دۇئا قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر، ئۇ كىشى دۇئا قىلسا ئاللاھ ئىجابەت قىلىدىغان، سورىسا ئاللاھ بېرىدىغان ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى»** دېدى. يۇقىرىدا ئىككى ئادەم ئىككى مەيداندا ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە سالغان، دىلىغا ئورناشقان، مەنىسىنى چۈشەنگەن ئىسىملار بىلەن دۇئا قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئاسىنى مەقبۇل كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى ئەزەم بىلەن قىلىنغان، ئىجابەت بولغان دۇئا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

يەزىدنىڭ قىزى ئەسمائدىن قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«موشۇ ئىككى ئايەت ئىسمى ئەزەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»** دېگەن " و إلهكم إله واحد لا إلـه إلا هـو الرحمن الرحيم "**(سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان، ئۇ ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)**. " الم الله لا إلـه إلا هو الحي القـيوم" (**ئەلىف، لام، مىم. ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر)**.

سەئىد ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **«كىشى دۇئا قىلسا ئىجابەت بولىدىغان، سورىسا ئاللاھ بېرىدىغان ئىسمى ئەزەمنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قاراڭغۇلۇقتا، يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا قىلغان مۇنۇ دۇئاسىدۇر:** " لا إلـه إلا أنـتَ سُبْحانَكَ إنِّي كُنْتُ مِنَ الظّـالمِين" ( " ‹پەرۋەردىگارىم› **سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد ‹بەرھەق› يوقتۇر، سەن ‹جىمى كەمچىلىكلەردىن› پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن ‹ئۆز نەپسىمگە› زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم)** دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دەيدۇ، يەنە سەئىد مالىك: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ دۇئا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا خاسمۇ ياكى مۆمىنلەرگە ئورتاقمۇ؟» دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: " **ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىمامسەن**: " فَنَجَّيْناه مِـنَ الغم وَ كذلكَ نُنْجي الْمُؤْمنِينَ " **(ئۇنى ‹بېلىق يۇتقان چاغدىكى› غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى ‹ئېغىرچىلىقلاردىن› خالاس تاپقۇزىمىز)**".

يۇقىرىقى ھەدىسلەر ئىسمى ئەزەم ئۈچۈن مەخسۇس مۇئەييەن بىر ئىسىم بېكىتىلگەن ئەمەس دېگەن قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. (داۋامى بار)

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

يۇسۇپجان سەمەت

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى قاچان باشلانغان؟

”ساماۋى كىتابلارنىڭ ئانىسى“ دەپ تەرىپلىنىدىغان «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبىرىمىز 40 ياشقا كىرگەن چېغىدا، رامىزاننىڭ 17-كۈنى نازىل بولۇشقا باشلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھېكمەتلىك «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكىنى سىققان، ئاندىن قويۇۋەتكەن، بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان، ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا. ”ئوقۇ“ دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا. ”ئوقۇشنى بىلمەيمەن“ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۈچىنچى قېتىمدا جىبرىئىل ئۇنىڭغا ئېيتقانكى: ”**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى**“ («ئەلەق» سۈرىسى [96-سۈرە]، 1—5-ئايەت). بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزى ئالامەتلەر بىلدۈرۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈش كۆرسە ئەمەلىيەت خۇددى چۈشىدە كۆرگىنىدەكلا بولغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىلۋەتلىكنى، جىمجىتلىقنى، يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ، ھىرا غارىدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىغان... بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتىدۇ. ”**ئۇيقۇدا ياخشى چۈشلەرنى بىلدۈرۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى باشلانغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى. ئۇ** خۇددى تاڭنىڭ نۇرىغا ئوخشاش كەلگەن چۈشنى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا يالغۇزلۇق ياخشى كۆرسىتىلدى. ئۇ (ھىرا غارىدا) خالىي بولاتتى ۋە ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بىر قانچە كېچە ئىبادەت قىلاتتى، ئاشۇ ئىبادەت ئۈچۈن ئۇزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى، ئاندىن خەدىچەنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەتتى. ئۇ ھىرا غارىدىكى چاغدا ھەقىقەت ئۇنىڭغا يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ئاشۇنىڭدەك ئۇزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ قېشىغا پەرىشتە كەلدى ۋە: ’ئوقۇ‘ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن‘ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: ’ئۇ مېنى قاتتىق سىقتى، ھەتتاكى مەن چارچاش ھېس قىلدىم، ئاندىن قويۇۋەتتى. ئاندىن: ‹ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى› دېدى‘، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈرىكى سىلىپ كەتكەن ھالدا قايتتى“. («سەھىھۇل بۇخارى»، ئىككىنچى قىسىم)

## «قۇرئان كەرىم» قايسى تىلدا نازىل بولغان؟

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا روشەن ئەرەب تىلى بىلەن نازىل قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ. ”**(قۇرئان) ئوچۇق ئەرەب تىلىدا (نازىل بولدى)**“ («شۇئەرا» سۈرىسى[26-سۈرە]، 195-ئايەت) دېگەن. ئاللاھنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىشىدىكى ھېكمەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەينى چاغدىكى سېھىر تەرەققىي قىلغان،

سېھىرگەرلىك ئەۋج ئالغان، سېھىرگەرلەر كۆپەيگەن شارائىت ئاستىدا "سېھىرلىك ھاسا" غا ئوخشاش ئىلاھىي مۆجىزىنى بېرىپ، ئۇنى بەنى ئىسرائىل (يەھۇدى) قەۋمىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ سېھىر-ئەپسۇنلىرىنى بىكار قىلغان.

شۇنىڭدەك ناسارا (خرىستىئان) لارنىڭ تېبابەتچىلىكى راسا تەرەققىي قىلغان بىر چاغدا، ئاللاھ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىلنى ۋە تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى "قۇتقازغۇچ خۇدا" دەپ بىلجىرلىغانلارنىڭ ساختىلىقلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان.

دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ تىلى ئىنتايىن پاساھەتلىك بولۇپ، ئۇلار شېئىرغا ئۇستا كېلەتتى. ھەتتا سودا-سېتىق، گەپ-سۆزلەردىمۇ شېئىر بىلەن پاراڭلىشاتتى. ھەر يىلى بىر قېتىم شېئىر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، كىمنىڭ شېئىرى بىرىنچىلىكنى ئالسا شۇنىڭ شېئىرىنى كەئبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇشاتتى. مانا موشۇنداق بىر پەيتتە ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پاساھەت-بالاغەتتە مۆجىزىلىك «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرنىڭ پاساھەتلىك، بالاغەتلىك شېئىرلىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار قۇرئاندىكى كىچىك بىر سۈرىچىلىك نەرسىنىمۇ كەلتۈرەلمىگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا: **"بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلىنىسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار. (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار"** («بەقەرە» سۈرىسى [2-سۈرە]، 23-ئايەت) دەيدۇ.

### «قۇرئان كەرىم» نى كىم ئېلىپ چۈشكەن؟

قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېلىپ چۈشكەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەر يىلى رامىزاندا قۇرئاننى ئۆتكۈزۈۋالاتتى. ئۇ (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) قۇرئاندا "روھۇل ئەمىن"، "روھۇل قۇددۇس" دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، مۇپەسسىرلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىچە، ئۇ ۋەھيىگە ئەڭ ئىشەنچلىك پەرىشتە بولۇپ، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر قانچە قېتىم ئەسلى سۈرىتىدە كۆرگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بار ئىكەن.

### «قۇرئام كەرىم» دىكى تۇنجى نازىل بولغان ئايەت قايسى؟ ئاخىردا نازىل بولغىنىچۇ؟

بەزى كىشىلەر سۈرە «مۇددەسسىر» نىڭ ئايەتلىرى تۇنجى نازىل بولغان دېيىشىدۇ. بۇخارىنىڭ ھەدىسگە ۋە كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا سۈرە «ئەلەق» تىكى **"ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن..."** دېگەن بەش ئايەت تۇنجى قېتىم نازىل قىلىنغان. سۈرە «مۇددەسسىر» بولسا سۈرە «ئەلەق» نىڭ بەش ئايىتىدىن كېيىن تولۇق نازىل بولغان سۈرىدۇر.

بىر قىسىم كىشىلەر **"بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم"** دېگەن ئايەتنىڭ **"بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم"** دېگەن مەزمۇنىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇ ئايەتنى ئەڭ ئاخىردا نازىل قىلىنغان ئايەت دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر **"سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى-يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ"** («بەقەرە» سۈرىسى [2-سۈرە]، 281-ئايەت) دېگەن ئايەت ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نازىل بولغان، چۈنكى، **"بۈگۈن دىنىڭلارنى پۈتۈن**

**قىلدىم**" دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتىكى چاغدا «ھەججەتۇل ۋىدا» دا نازىل قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت نازىل قىلىنغاندىن كېيىن 81 كۈن ياشىغان. ئەمما "**سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى.....**" دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن توققۇز كۈن بۇرۇن نازىل قىلىنغان دەپ قارايدۇ. دېمەك بۇ ئايەت ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نازىل بولغان. ئۇنداقتا ئاللاھ "**بۈگۈن دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم...** "دېگەن تۇرسا يەنە نېمە ئۈچۈن ئايەت نازىل بولىدۇ؟ چۈنكى "**بۈگۈن دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم**" دېگەن ئايەت شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ، چەكلىمە (ھالال-ھارام)لىرىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز ئەمدى ئايەت چۈشمەيدۇ دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "**شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى...** "دېگەن ئايەت ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان ئايەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم» قانداق نازىل قىلىنغان؟

«قۇرئان كەرىم» ئىككى خىل نازىل قىلىنغان:

1. «قۇرئان كەرىم» لەۋھۇلمەھپۇزدىن دۇنيا ئاسمىنىغا قەدىر كېچىسىدە بىراقلا نازىل قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا شۇنداق دېگەن: "**بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق**"(«قەدر» سۈرىسى[97-سۈرە]، 1-ئايەت).

2. «قۇرئان كەرىم» 23 يىل جەريانىدا، دۇنيا ئاسمىنىدىن زېمىنغا بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ نازىل قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس شۇنداق دەيدۇ: "«قۇرئان كەرىم» رامىزان ئېيىدىكى قەدىر كېچىسىدە دۇنيا ئاسمىنىغا بىراقلا نازىل قىلىنغان، ئاندىن (زېمىنغا) بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ نازىل قىلىنغان". ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ نازىل قىلىنغانلىقىنى سۈرە «بەنى ئىسرائىل» دە دەلىللەپ شۇنداق دەيدۇ: "**قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق**"(«بەنى ئىسرائىل» سۈرىسى [17-سۈرە]، 106-ئايەت) ۋە يەنە سۈرە «فۇرقان»دىمۇ مۇنداق دەيدۇ: "**كاپىرلار: 'قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟' دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە-پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم-ئايرىم نازىل قىلدۇق**" («فۇرقان» سۈرىسى[25-سۈرە]، 32-ئايەت).

بۇ ئىككى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى شۇكى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، يەھۇدىي، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئاننىڭ بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ نازىل قىلىنغانلىقىغا قاراپ ئەيىبلىشەتتى ۋە ئۇنى (قۇرئاننى) بىراقلا چۈشۈرۈشكە زورلايتتى؛ ھەتتا بىر يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئى ئەبۇلقاسىم! قۇرئان خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات نازىل قىلىنغانغا ئوخشاش، ھەرگىزمۇ بىراقلا نازىل بولمايدۇ!" دېگەن. ئاللاھ بۇ ئىككى ئايەتنى ئۇلارغا رەددىيە بولۇشى ئۈچۈن نازىل قىلغان.

قۇرئاننىڭ بۆلۈنۈپ نازىل قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى:

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم قىلىش؛

2) ۋەھيى چۈشكەن چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سىلىق بولۇش (ئېغىر بولۇپ قالماسلىق)؛

3) ساماۋى ھۆكۈملەرنى يولغا قويۇشتا تەدرىجىي بولۇش؛

4) مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئاننى يادلىشىغا، چۈشىنىشىگە ئاسان بولۇش؛

5) ئەمەلىيەت، رىئاللىققا ماس بولۇش؛

6) قۇرئاننىڭ كېلىش مەنبەسىگە يېتەكلەش.

«قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنى، كاپىرلارنى، مۇناپىقلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىلىم-ھېكمەت دېڭىزى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن گۆھەر، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى ئېلىپ چىقىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

مۇھەممەدجان ئىبراھىمجان

*ئىلاۋە . يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىللىتىمىزنىڭ شان- شەرىپى، ئىپتىخارى ۋە ئالەمشۇمۇل ئالىمى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە خېلى يىللاردىن بېرى بارغانسېرى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات مېۋىلىرى ئۇنىڭ ھەققەتەن كۆپ تەرەپلىمە يېتۈك ئالىمىمىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل داستانى«قۇتادغۇبىلىك»نى كۆپرەك دەھرىلىك نۇقتىسىدىن ئىزاھلىدى، ھەتتا ئايرىم تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۇنى"ئاتېئىزىمچى ئىدى"دېدى. بۇ، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە يەكۈنلەنمىگەن ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىر خىل بىر تەرەپلىمە قاراش،شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ يالغۇز ئېتىقاد جەھەتتىكى بىر خىل دىن بولۇپ قالماستىن بەلكى سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن- تۈزۈم، تۇرمۇش، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئەخلاق- پەزىلەت، ئىلىم-پەن قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىشىدىغان بىر خىل ئۇنىۋېرسال دىن ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن كىشىلىرىمىزنىڭ قارىشى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتۈن ھاياتى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئۇنىڭ مىللىتىمىزدىن چىققان، ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە ئەھكاملىرىنى پۇختا ئىگەللىگەن، چوڭقۇر ئېتىقادلىق مۇسۇلمان ئالىم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.ئۇ ئۆز ئەسىرىدە «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» ۋە فىقھە مەزمۇنلىرىدىن قىلچە چەتنىمىگەن. بۇ مەزمۇنلار پەقەت ئاپتورنىڭ تىلى بىلەن ئىپادىلەنگەن- خالاس. تەتقىقاتچى مۇھەممەتجان ئىبراھىمجاننىڭ تۆۋەندىكى ماقالىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان، تەتقىقاتتىكى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان مۇھىم ماقالە دەپ قاراپ ژۇرنىلىمىزغا بەردۇق.*

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئۇلۇغ«قۇرئان كەرىم» ئۆزىگە سىغدۇرغان ئىلاھىي ھېكمەت، تۈگىمەس- پۈتمەس ئىلىم- ئىرپان بىلەن بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەقلىگە ئەقىل، كۈچىگە كۈچ، ئىرادىسىغا جاسارەت بەخش ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات، سەھى ئىجتىھاتلىرىغا كەڭ يول، ئەخلاقى ئۈچۈن نۇرلۇق چىراق بولۇپ، چەكسىز پەخىرلىنىش ۋە ئۇلۇغلىنىشقا مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى. چەكسىز ئالەمنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈشى، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، تەقدىر-ئىرادە، تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى يۈكسەك ئىزدىنىشلەرگە كۈچلۈك نۇرلۇق چىراغ ۋە چەكسىز ئىلھام مەنبەسى بولدى.ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىدىغان، چۈشەنگەن ئالىملار ئۈچۈن بىلىم-ئىرپان مەنبەسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىگە ئىككى ئالەملىك يۈكسەك شان-شەرەپلەرنى بەردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتۈك ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ رەھمەتۇللا ئەلەيھىمۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارلاق ئىلھامى ۋە ئۇلۇغ ئىزنىسى بىلەن، يۈكسەك ئىجتىھات بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇيغۇر خەلقى ، جۈملىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە زور تۆھپە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ئالىملىق بۇرچىنى ئادا قىلغان، ئىسلامىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئەھكاملىرىنى چىن ھەقىقەت بىلەن تەبلىغ قىلغان پارلاق ئابىدىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1019- يىلى قاراخانىلارنىڭ پايتەختى ئوردۇكەنت— قەشقەر يېنىدىكى قۇز ئوردۇ— بالاساغۇندا دۇنياغا كېلىپ، 1085 - يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»" بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم" دېگەن مەنىدە بولۇپ، ساپ ئۇيغۇر تىلى، قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتابىنى قاراخانىلارنىڭ خانى ئەبۇ ھەسەن سۇلايمان بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان بولۇپ، خان ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ، يەنى مەخسۇس مەسلىھەتچى مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلغان. پۈتكۈل داستان 85 باپ، 6654 بېيىت، 13 مىڭ 300دىن ئارتۇق مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، مەسنەۋى(ئىككىلىك شەكىل)، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. ئۇ ئەرەب-پارس تىللىرىنى پەقەت

ناھايىتى چوڭ زۆرۈرىيەت ئاستىدىلا ئىشلەتكەن بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. داستان ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايان قىلىش شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى ساھەسىدە مىسلىسىز كاتتا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلارنىڭ ئىلىم-مەرىپەت راۋاج تاپقان، داڭلىق ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن مەدرىس-مەكتەپلەردە ئاجايىپ دانا پىكىرلىك، قابىل ئالىم-ئۆلىمالاردىن ئۇستاز تۇتۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلمىي، ئەدەبىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. نۇرغۇن پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى پىششىق تەتقىق قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى قابىلىيىتى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن؛ شۇنداقلا ئۇ قاراخانىلارنىڭ دۆلەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق مۇھىتىدا تەربىيە ئېلىپ «قۇرئان كەرىم»نى مۇكەممەل ئۆگەنگەن، «ھەدىس شەرىف»تىن ياخشى تەلىم ئالغان؛ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرگەن، كامىل قابىلىيەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر شەرەپلىك ـر شەخسكە ئايلانغان. ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسەت، بىلىم-ـەلۇمات، ئەقىل-تەپەككۇرلىرىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ھەققەت كۆزى، تارىخ ئەينەنلىكى بىلەن كۆرگەن، ئۆگەنگەن، چۈشەنگەن، ئۇنىڭ ھەر بىر باب، ھەر بىر بېيت، ھەر بىر مىسرادىن ئىبارەت باغۇ بوستان، گۈل-گۈلىستانغا قەدەم قويغان ھەر بىر كىشى ئۇنىڭدىكى ئىلىم-ھېكمەت، پەند-نەسىھەت ۋە ئىماننىڭ كۈچلۈك نۇرى، ھەقىقەتنىڭ جاراڭلىق ساداسىدىن ئالىمنىڭ ئۇلۇغ ۋە سائادەتمەن سىماسىنى، يېتىشكەن پاك، مۆمىن مۇسۇلماننىڭ قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ يىگانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىرناسى ۋە يۈكسەك ئىلھامى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مۇستەھكەم ئىسلام ئېتىقادىنى چىقىش قىلىپ ئۇلۇغ ئىرادە بىلەن يېزىپ چىققان بولۇپ، داستاننىڭ مۇقەددىمىسىدىن تارتىپ تاكى خاتىمىسىگىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپە جەريانىدا بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار قوللىنىپ كەلگەن روھ ۋە ئەنئەنە ئادەتلەرنى قوللىنىپ، داستاننىڭ قۇرۇلما-ئۆلچەملىرىنى پۈتۈنلەي ئۇسۇلى ئىسلامغا ئۇيغۇنلاشتۇرغان.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى شېئىر-نەزمە بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، «ھەدىس شەرىف»تىكى سۆھبەتلەرنى ئەينەن كۆچۈرمە جۈملە شەكلى بىلەن ئېلىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئاجايىپ سۆز سەنئەتكارى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇستۇن تىل ماھارىتى، بەدىئىي تالانتى بىلەن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كالامى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتلىرىنىڭ روھىنى ئۇستۇنلۇق بىلەن ناھايىتى مۇۋاپىق، دەل جايىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مۇنداق يېزىقچىلىق ئۇستىلى ئالىمنىڭ مۇۋاپىق مۇسۇلمانلىق، سادىق مۆمىنلىك ئىمان ئېتىقادى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ۋە ئۇنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " **ھەر قانداق بىر ئىش بىسمىللا بىلەن، ھەمدى بىلەن باشلانمىسا ئۇ ئىش مۇكەممەل بولماي قالىدۇ**". يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇسۇلمان ئالىملارغا خاس پەزىلەت بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئۇسۇلى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۇقتىسى «قۇرئان كەرىم»دىكى باشلانما ئايەت "**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**"، يەنى "**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**" دېگەن ئايەت بىلەن باشلىغان. پۈتكۈل باپ 33 بېيت، 66 مىسرا بولۇپ، خۇددى ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ "سۇبھان ئاللاھ"، "ئەلھەمدۇلىللاھ"، "ئاللاھۇ ئەكبەر" دىن ئىبارەت تەسبىھنى 33 قېتىمدىن ئېيتقان ئۆلچەم بويىچە ئاللاھقا چىن كۆڭۈل، سەممىي نىيەت بىلەن ھەمدۇ سانا ئېيتقان. ئۇ ئاللاھنى ئەزىزلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ ئاللاھنى پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى، ياراتقۇچىسى، پادىشاھى، پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ۋە تەسەررۇپىدا دەپ قىلچە مۇجمەللەشمىگەن، دۇدۇقلىمىغان ھالدا قايتا-قايتا مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "**ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر، بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا (ۋۇجۇتقا كەل) دەيدۇ-دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ**" («بەقەرە» سۈرىسى [2-سۈرە]، 117-ئايەت).

خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم.
(1-بېيت)

تولا مەدھى بىرلە تۈمەنمىڭ سەنا،
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا.
(2-بېيت)

قوڭغۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن،
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.

(3-بېيت)

ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى ''بول''، بار ئولدى پۈتۈن.

(4-بېيت)

بۇ بارچە يارالغان مۇھتاجدۇر ئاڭا،
ئىگەم سەن بىھاجەت، يوق ھەمراھ ساڭا.

(5-بېيت)

ئەي قادىر ۋە مەڭگۈ بىھاجەت بايات،
سېنىڭدىن بۆلەككە ياراشماس بۇ ئات.

(6-بېيت)

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ. **''ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (ئاللاھ) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر''** («ھەدىد» سۈرىسى[57-سۈرە]، 3-ئايەت).

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى تەپەككۇرنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئىچۇ تاش بىلۇچى، ئەي ھەققۇلىيەقىن،
كۆزۈمدىن يىراقسەن، كۆڭۈلگە يېقىن.

(11-بېيت)

ئۇ يۇرمەس، ئۇ ياتماس، ئۇيغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر-قىياس.

(17-بېيت)

ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.

(19-بېيت)

ئايا ھەققە پۈتكەن، ئاچ ھەمدىگە تىل،
دىلىڭ پۈتسە شەكسىز، يورۇتما ئەقىل.

(25-بېيت)

ئۇ قانداق دېمەكتىن كۆڭۈلنى كۈزەت،
پۈتۈپ بارلىقىغا ئاسايىشقا يەت.

(26-بېيت)

نىچۈك، قانچە دەپ يۇرمە، تۇتقىن ئۆزۈڭ،
نىچۈك، قانچىسىز بىل، ئۇزارتما سۆزۈڭ.

(27-بېيت)

داستاننىڭ مۇقەددىمىسىلا ئەمەس، بەلكى باشقا باپلارنىڭ بېشى ۋە ئاخىرلىرىدا داۋاملىق ھالدا ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش، ئاللاھدىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەش، قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرىدىكى سەھۋە-خاتالىقلارغا مەغپىرەت تىلەشتەك بىر مۇسۇلماننىڭ سەممىي، قىزغىن كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ.

داستاننىڭ ئىككىنچى بابى ئۇسۇلى ئىسلام بويىچە نەبۇۋەت، يەنى پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت-ئېھتىرامىنى مەزمۇن قىلغان ماۋزۇسى« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى بايانىدا» بولۇپ، 15 بېيت، 30 مىسرا ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام ۋە دۇرۇت ئېيتىلغان:

ئەۋەتتى رەسۇلنى رەھىملىك ئىگەم،
كىشى ياخشىسى تاللىنىلغىنى ھەم.

(34-بېيت)

چىراق ئىدى خەلققە قاراڭغۇ تۈنى،
يورۇقلۇقنى چاچتى، يورۇتتى سېنى.

(35-بېيت)

خۇدادىن دەۋەتچى ئىدى ئۇ ساڭا،
يىگىت، توغرا بىر يولنى تاپتىڭ، شۇڭا.

(36-بېيت)

ئۇنىڭ مەن يولىغا كۆڭۈل باغلىدىم،
ئىشەندىم، سۆيۈپ ھەم سۆزىنى ئاڭلىدىم.

(46-بېيت)

داستاننىڭ قالغان قىسىملىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى، سۆھبەتلىرى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، قىزغىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان. 3-باپ «تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيىسى بايانىدا» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بولغان چاھارىيارلار — ئەبۇ بەكرى سىدىق، ئۆمەر پارۇق، ئوسمان زىننۇرەيىن،ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارغا ئاتاپ 14 بېيت، 28 مىسرا ئارقىلىق قىزغىن سالام ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاننىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ بابىدا 62 بېيت، 124 مىسرادا بىر مۇسۇلمان شائىرنىڭ بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىپتىدا سۆزىگە ئورۇن بەرگەن. داستاننىڭ مۇنداق ئايرىم بابلىرىدىن باشقا بابلىرىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىششلىرىدا ئالدى بىلەن ئاللاھقا سېغىنىش، پەيغەمبەرلەرگە سالام-دۇرۇت، چاھارىيارلارغا ھۆرمەت مۇھىم تەشكىلىي قىسىم قىلىنغان بولۇپ، مۇنداق كومپوزىتسىيىلىك تەشكىلىي قۇرۇلما نوقۇل ھالدىكى ئەنئەنە، ئۇسلۇب، يېزىقچىلىق ئادىتى بولۇپ قالماي، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى

مۇستەھكەم بولغان مۆمىن مۇسۇلمان ئالىم، مۇسۇلمان شائىر ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

ھەر قانداق بىر تارىخىي دەۋردىكى ئالىم ۋە ئىجادىيەتچىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيە پەلسەپەلىرى ئۇلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامايەندىلىرى بولغان ئەسەرلىرىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىم. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىلىم پەلسەپىسى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىسلامىي دۇنيا قاراش ۋە ئىسلامىي پەلسەپە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە كەڭ ساھە، نۇرغۇن مەسىلىلەر، جۈملىدىن مۇھىم قانۇنىيەتلەر، مۇكەممەل پەلسەپىلىك مەسىلىلەر ھەققىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ بېيىت نەزمىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى ۋە ئىمان-ئېتىقادىغا ماس كەلمەيدىغان، يەنى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، پۈتكۈل ئالەمنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئاللاھنىڭ تەسەررۇپىدا ئىكەنلىكىگە زىت ياكى مۇجمەل بولغان ئىدىيە-پىكىرلەرنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇجمەللىك ۋە شۈبھىگە قەتئىي ئورۇن قالدۇرمىغان. مۇنداق قىلچە مۇجمەللىك بولمىغان مۇستەھكەم دۇنيا قاراش ۋە ئاساسىي ئىدىيە پۈتكۈل داستانىنىڭ ھەر بىر باب، ھەر بىر قىسىملىرىغا باشتىن ئاخىر سىڭگەن بولۇپ، داستاندا چاقناپ تۇرغان پارلاق ئەقىل، پارلاق ئىماننىڭ ئالتۇن نۇرى ئۇنى تېخىمۇ يۇكسەك مەرتىۋە، ئۇلۇغ شان-شەرەپ، قەلبلەرنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر قىلدى.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ. ''**ئاللاھ سۇبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، ئاللاھ كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق**'' («ئەنئام» سۈرىسى[6-سۈرە]، 96-، 97-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ. ''**ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرجلارنى) تەيىن قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدىلىق ئۈچۈن ياراتتى)، ئاللاھ ئايەتلىرىنى (قۇدرىتى ئىلاھىيسىنى) بىلىدىغان (ۋە ھېكمەتنى پىكىر قىلىدىغان) قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللاھتىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار**'' («يۇنۇس» سۈرىسى[10-سۈرە]، 5-، 6-ئايەت).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 5-بابى «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» ئۇ ئىسلام ئېتىقادىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئالىملارغا خاس پىكىر يۈرگۈزىدۇ. يەنى قۇياش بىلەن ئاينىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت، ئاللاھنىڭ ''**بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق**'' («سافافات» سۈرىسى[37-سۈرە]، 6-ئايەت) دېگەن سۆزى ۋە ''**ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانني كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇق كۆرەمسەن**'' («مۈلك» سۈرىسى[67-سۈرە]، 3-ئايەت) دېگەن سۆزى ھەققىدە پاك قەلبى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، 24 بېيىت، 48 مىسرا ئارقىلىق گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىدۇ. بۇ رەسىمدە ئاسمان كۆكىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ نامى، ئۇلارنىڭ بىپايان كۆكتىكى ئورنى، پەسىل، ۋاقىت ئۆزگىرىشلىرى ئاجايىپ ئوخشۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دانىشمەن مۇنەججىم-ئاسترونوم زاتنىڭ قىياپىتى نامايان بولىدۇ. بۇ باپتا بىر قىسىم يۇلتۇزلارنىڭ دەۋرلىكى ھەققىدە خېلىلا ئېنىق مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئاددىي قوراللار، ئىنسان كۆزى بىلەن بىپايان كائىناتقا نەزەر سېلىپ ئېرىشىلگەن مۇنداق مەلۇمات ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۈزىتىدىغان زامانىۋى قوراللار تۈگۈل، ھەتتا گالىلېينىڭ تۇنجى تېلېسكوپىدىن 6-7يۈز يىل مۇقەددەم نەچچە يۈز مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەييارىلەرنىڭ ئورنىنى دەل ھېسابلاپ چىقىش بولۇپ، ھازىرقى زامان ھېسابلاش ئىلمىدا ھېسابلانغىنى بىلەن خاتالىق پەرقى چوڭ ئەمەس. بۇ پەقەت ساپ ئەقىلنىڭ قۇدرىتى، ھېسابلاش ئىلمىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن بولغان، تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قاراخانىلار خاندانلىقى

دەۋرىدە ھېسابلاش ئىلمى — ئالگېبرا، گېئومېترىيە(ھەندىسە) ۋە ماتېماتىكا ئانالىز قاتارلىق ساھەلەر خېلىلا تەرەققىي قىلغان ۋە ئۇلار بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنداقلا ئىلمىي نۇجۇم(ئاستىرونومىيە) خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ئاستىرونومىيە ئالىملىرى ئالەمدىكى يۇلتۇزلارنى تۈركۈملەرگە ئايرىپ، ئۇلاردىن يىل-پەسىل قاتارلىقلارنى تولۇق ھېسابلاپ چىققان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا يەتتە يۇلتۇزنىڭ تىزىلىشىنى قىزىقارلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدا سەكەنتىر (ساتورىن) بولۇپ، بىر بۇرجىدا ئىككى يىل، سەككىز ئاي تۇرىدۇ. ئىككىنچى قاتاردا ئوگاي(يوپىتېر) بولۇپ، بىر بۇرجىدا 12 ئاي تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى كۈرۈد (مارس) بولۇپ، ئۇ ئاپەت-ئوت يۇلتۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچىسى، ياشىق(قۇياش) بولۇپ، ئۇ خۇشاللىق يۇلتۇزى دەپ ئاتىلىدۇ.بەشىنچىسى سەۋىت (ۋېنېرا) يۇلتۇزى بولۇپ،ئۇ زۆھرە يۇلتۇزى ياكى چولپان يۇلتۇزى دېيىلىدۇ. ئالتىنچىسى، ئارزۇ (مېركورى) بولۇپ، ئۇ بەخت يۇلتۇزى دېيىلىدۇ. يەتتىنچىسى، يالچىق (ئاي) بولۇپ ، ئۇ تولۇن، غەيرىي تولۇن ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن 12 بۇرج (ئۆكەك) مۇنداق ئىپادىلەنگەن. ئۇلار قوزى(ھەمەل)، ئۇي ( سەۋر)، ئەرەندىز(جەۋزا)، قۇچىق (سەرەتان)، ئارسلان(ئەسەد)، بۇغداي بېشى(سۇمبۇلە)، ئۆلگۈ(مىزان)، چايان(ئەقرەب)، يا (قەۋس)، ئوغلاق(جەدى)، سوغا(كونەك، دەلۋە)، بېلىق(ھۇت)تىن ئىبارەت. 12 بۇرج يۇلتۇزلار تۈركۈمى تۆت پەسىلدە ئۈچتىن كۆرۈنۈپ، پەسىل ئالامەتلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ ھەمەل، سەۋر، جەۋزا يۇلتۇزلىرىنى باھارلىق؛ سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇلە يۇلتۇزلىرىنى يازلىق؛ مىزان، ئەقرەب، قەۋس يۇلتۇزلىرىنى كۈزگى، جەدى، دەلۋە، ھۇت يۇلتۇزلىرىنى قىشقى يۇلتۇزلار تۈركۈمى دەپ قارىغان ھەمدە بىپايان ئاسماندىكى بىر قىسىم يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرىنىمۇ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئالەمدىكى يۇلتۇزلار ھەمدە ئۇلار ھەققىدىكى ھېسابلاشلىرى ھازىرقى زامان يۇلتۇز ئىلمى — ئاستىرونومىيەدىكى ئىلمىي ئىسپاتلاش ۋە پەرەزلەرگە تامامەن ئۇيغۇن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە نام بىلەن ئاتىغان. داستاندا مۇنداق يېزىلىدۇ.

ياراتتى پەلەك كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگىلۇر.

(126-بېيت)

ھازىرقى زامان ئىلىملىرى ئىسپاتلاپ چىقتىكى، ھايات مېتابولىزمى(ماددا ئالمىشىش) يەر شارىنىڭ ئايلىنىش ۋاقتى بىلەن توغرا تاناسىپ بولىدۇ، يەنى پەلەكنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھاياتلىق ۋە ماددا ئالمىشىش ماس قەدەمدە بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» دىكى ئاللاھنىڭ ھاياتلىق ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئۇلۇغ كالاملىرىدىن ئىلھاملىنىپ، 1000يىل مۇقەددەم ئالەم بىلەن ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋىي ۋە ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھازىرقى زامان ئالەم ئىلمى ۋە ئالەم تەتقىقاتى بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ياراتتى يېشىل كۆكتە يۇلتۇزنى ئۇ،
ياراتتى قارا تۈن ۋە كۈندۈزنى ئۇ.

(127-بېيت)

كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بېزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك.

(128-ئايەت)

تۆتىنچى قۇياشتۇر يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

(134-بېيت)

بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا، تولۇن بولار.

(137-بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ناھايىتى روشەن ۋە ئوچۇق پىكىرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەۋەرنىمەس بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە مۇناسىپ ھالدا ئەينى زاماندىكى مۇسۇلمان ئالخىمىيە ئالىملىرى، مېدىتسىنا-تىبابەت ھەكىملىرىنىڭ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن"تۆت زات" (تۆت تادۇ)ئاناسىر- ئابى، ئاتەش، بادى، خاك يەنى سۇ، ئوت، شامال ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ماددا ھەمدە تىبابەتتىكى تۆت خىلت، يەنى قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەم ۋە ئىنسان مىجەزىدىكى ھۆل، قۇرۇق، ئىسسىق، سوغوق قاتارلىق مىجەز، ئىنسان ھاياتىدىكى باللىق، ئۆسمۈرلۈك(ياشلىق)، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىقتىن ئىبارەت تۆت مەزگىل ھەققىدە توختىلىپ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىگەن.

ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا مەۋجۇت.

(143-بېيت)

يىغدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ قىلدى جەڭنى نىرى.

(144-بېيت)

ئۆرۈشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۈچۈن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۈچۈن.

(145-بېيت)

يېتىشلىك ئىلاھىم سىلىپ ئىزغا ئۇز،
ياراتتى ئۇلارنى، ياراشتۇردى تۈز.

(146-بېيت)

تېگىدۇر قوڭۇر يەر بىلەن يېشىل سۇ،
ئۈستى سۇپ-سۈزۈك يەل بىلەن ئوتتۇر ئۇ.

(3725-بېيت)

قۇرۇق، ھۆل بىلەن بۇ ئىسسىق، سوغوقنى،
ياراشتۇردى، بەردى خەلققە رىزقىنى.

(3726-بېيت)

مىجەزىڭنى ئېيتاي ئۇچۇق ساڭا بىل،
سېرىق، ئاق، قارادۇر ۋە ياكى قىزىل.

(4632-بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا پۈتكۈل كائىناتنى، ئاسمان سەييارىلىرىنى، ھاياتلىقنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق سەھىپە ئاجرىتىشى ئۆز داستانى ئۈچۈن گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىپ كۆرسىتىش ياكى تەسۋىرىي يول بىلەن سۆز ئويۇنى قىلىش بولماستىن، بەلكى بىر ئۇلۇغ ئىلاھىي ھېكمەتنى، ئاللاھنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ ئىجادىيىتى بولغان پۈتكۈل تەبىئەتنى، ئۇنىڭدىكى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن زور پايدىلىق بولغان تەرەپلەر، روشەن ئالامەت ۋە پاكىتلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن قايىل بولۇش، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىمۇ ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، ئىنسان ئۈچۈن بەرگەن رەھمەت ۋە نېمەتلىرىگە چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرۈشكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمگىكى بولغان «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بۇ سەلتەنەتلىك ئىمارەتنى ھەيۋەتلىك تۆت تۈۋرۈك ئۈستىگە قۇرغان. بۇ غايەت زور تۈۋرۈك ئەدلى، ئىلىم، ئەقىل ۋە سەۋردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككىسى بولغان ئەدلى بىلەن ئىلىم ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ زات سۈپەتلىرى بولۇپ، ئەدلى-ئادالەت، ئىلىم-ھېكمەت ئاللاھقا مەنسۇپ. كېيىنكى ئىككىسى بولغان ئەقىل بىلەن سەۋر ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بەرگەن سۈپەتلىرى بولۇپ، ئەقىل-پاراسەت، سەۋر-قانائەت ئىنسانغا مەنسۇپ. پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى، ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنساننىڭ خەلق ئېتىلىشى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئۆلچەملىك ۋە قانۇنلۇق بولۇشى، ئۇنىڭدىكى مۆجىزە-سىر-ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئادالىتى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىدىن بولغان. ئىنسان ئاللاھ بەرگەن ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئاللاھنىڭ ئەدلى-ئادالىتى، ئىلىم-ھېكمەتلىرىنى، ئاللاھ بىلدۈرۈشكە ئىرادە قىلغان شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىرىنى تونۇيدۇ، ئاللاھقا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قۇللۇق ۋە ئىبادەت قىلىدۇ، يەنى ئاللاھنىڭ ئەدلىدىن قورقۇپ، پەزلىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىياتنىڭ مەجازى ۋاستىلىرى، ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى بىلەن بۇ تۆت سۈپەتنى تۆت زات — تۆت پېرسوناژ قىياپىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان قىلىپ، ھېكايە شەكلى بىلەن ئۇلۇغ ئىسلامىي ھەقىقەتنى مۇكەممەل شەرھلەپ بەرگەن. ئۇ ئەدلى-ئادالەتكە ئۇلۇغ پادىشاھنى تەمسىل قىلغان، ئۇنىڭ ئىسمى كۈنتۇغدى ئىلىك؛ ئىلىم-ھېكمەتكە ۋەزىر تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئايتولدى؛ ئەقىل-پاراسەتكە ۋەزىرنىڭ ئوغلى تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۆگدۈلمىش؛ سەۋر ۋە قانائەتكە ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئودغۇرمىش دەپ ئاتالغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاننىڭ ھەر بىر بۆلەك، ھەر قايسى باپلىرىدا ئۆزىنىڭ ھېسابسىز باي تەپەككۇرى بىلەن ئۆز قەلبىدىكى ئۇلۇغ ئىمان-ئېتىقاد، تەسەۋۋۇرلىرىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ، كىتاب مەزمۇنىنى يۇقىرىقى تۆت سۈپەت قىياپىتىدىكى تۆت زات — تۆت پېرسوناژ ئەتراپىدا تەرتىپلىك ھالدا دەۋر قىلدۇرىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىك-داستان سيۇژىتى باشتىن ئاخىر موشۇ تۆت شەخس ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك سوئال-جاۋاب، مۇنازىرە ئارقىلىق راۋاجلىنىپ بارىدۇ. موشۇ مۇنازىرە جەريانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەشۋىق قىلماقچى بولغان دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم، ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە باشقۇرۇش ھەققىدىكى ئۇلۇغ ئىسلامىي ئەقىدىگە خاس غايە ۋە قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بىلىم-ھېكمەت ۋە ئەخلاقنى پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ. بىلىمگە ئىگە بولغاندا ئادالەتنى جارى قىلدۇرغىلى، قانۇنغا ئەمەل قىلىپ ئۇنى يۈرگۈزگىلى، قالايمىقانچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، جىنايەتنى چەكلىگىلى، خەلقنى، دۆلەتنى ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، بىلىمگە سەل قاراش قانۇن، ئادالەت، ئەخلاق-پەزىلەت، بەخت-سائادەتنىڭ ئاساسىنى ۋەيران قىلغانلىق بىلەن باراۋەر دەپ ھېسابلايدۇ.

مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزىنىڭ ئىمان-ئېتىقادىغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزىنىڭ دۆلەت، قانۇن ۋە ئادالەت ھەققىدىكى دادىل تەسەۋۋۇر، ئىلمىي تەشەببۇسلىرىنى شېئىر-نەزمىسى بىلەن داستان شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ غايىۋى دۆلەت تەسەۋۋۇرى دېموكراتىك خاراكتېرگە ئىگە دۆلەت فورمىسى بولۇپ، قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولۇش، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلىش دەپ قارايدىغان ئىدىيە ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنى، تارىخىي شارائىتى بولغان 1000 يىل مۇقەددەم ئۆتكەن خاقانىيە دەۋرى ئېتىبارى بىلەن يۈكسەك ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە. بۇنداق شانلىق نامايەندە ھازىرقى زاماندىكى ئورغۇن پەيلاسوپلارنى، قانۇنشۇناسلارنى ئاجايىپ ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇلار بىردەك: "بۇ ئاجايىپ يۈكسەك تارىخىي نامايەندە، ئۇلۇغ تۆھپە" دەپ ھېسابلىدى.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن چۈشۈردۇق ۋە ئۇلار بىلەن ئىنسانلارنى ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق"** («ھەدىد» سۈرىسى[57-سۈرە]، 25-ئايەت).

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئادالەتنىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

ئېلى بولدى باي، يۇرتنى تۈزگەچ خاقان،
بۆرە، قوي سۇ ئىچتى بىر جايدا شۈئان.

(449-بېيت)

قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

(809-بېيت)

ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسىي ئادالەت يولى.

(821-بېيت)

ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بېيىپ ھەممە خەلقى جاھان تۈزىلەر.

(895-بېيت)

ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچى ئۆزى،
ھوشيارلىق ۋە قانۇن ئەلنىڭ يىلتىزى.

(2015-بېيت)

زۇلۇم-ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن-سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.

(2032-بېيت)

ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيىپ ئەل، بۇزۇلار جاھان.

(2034-بېيت)

تۈزەپ بەگ كۆڭلىنى يۈرۈتسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.

(2036-بېيت)

قانۇن سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم — ئوت، بالا،
ئېقىتتىڭ سۈزۈك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.

(3107-بېيت)

ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا، ئاسمان يىقىلۇر.

(3463-بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىملىك، دانىشمەن پادىشاھلار، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك خادىملىرى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى باي قىلىشنىڭ ئاساسىي قورالى، ئادالەتلىك قانۇن ئۇنى جارى قىلدۇرغۇچىلارنىڭ بىلىمى، ئەقلى ۋە ئىمان-ئېتىقادىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قاراپ، مۇنداق سۆز ئويۇنىنى كەلتۈرىدۇ.

بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك "لامى" كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.

(1953-بېيت)

ئەمەلدارلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى خەلقنىڭ تىنچ-ئامان، خاتىرجەم، ئاسايىشلىق زامان ئاستىدا ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئادالەتنى، ئىنساننىڭ ئاللاھ بەرگەن ھەق-ھوقۇقلىرىنى قانۇن قوغدىمىسا، خەلقنىڭ پاراۋان تۇرمۇشى، بەخت-سائادىتى ھەرگىز كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ دەپ قاراپ مۇنداق چاقىرىق قىلىدۇ.

بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىگە بەر،
بىرىنى بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.

(5576-بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش دەپ قارايدىغان جەمئىيەت تەلىپى 11-، 12-ئەسىردىكى فېئوداللىق جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن، "خاننىڭ دېگىنى — قانۇن" دەپ قارايدىغان مۇستەبىت، زالىم سىياسەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلغار، دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ئۇنى ئالاھىدە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. داستاندا ئادالەتنى، ياخشىلىق، باراۋەرلىك، ئادىمگەرچىلىكنى ئاساس قىلغان خانلار قىزغىن مەدھىيىلەنگەن، ئاچكۆز، زالىم، مۇستەبىت، فىرئەۋن، زاھاكتەك شاھلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھى بويىچە قاتتىق قامچىلىنىپ، ئۇلارغا لەنەت-نەپرەت

بىلدۈرۈلگەن. مۇنداق ئىككى خىل پوزىتسىيە ئەينى تارىخىي شارائىت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاجايىپ جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە. داستاندا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كىشى قەلبىنى زىل-زىلىگە سالىدىغان مۇنازىرە ۋە كەسكىن پىكىرلەردە ئەكس ئەتكەن دۆلەت ۋە ھوقۇق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئادالەت ھەققىدىكى ئېنىق كۆز قاراش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پاك ئىمان-ئېتىقادى، مۇستەھكەم ئەقىدىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ. بۇ خىل تەلەپ ۋە تەشەببۇس ئالىمنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىلمىي پەلسەپىسىنىڭ مۇقەررەر لوگىكىسى.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى**" («ئەلەق» سۈرىسى[96-سۈرە]، 1—5-ئايەتلەر).

"**مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپىز قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى). ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى**" («رەھمان» سۈرىسى[55-سۈرە]، 1—4-ئايەتلەر).

ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە "ئوقۇغىن" دەپ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلدى. ئوقۇش ۋە بىلىشنى بارلىق ئىنسان بالىسىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى ۋە مۇقەددەس ھوقۇقى قىلىپ بەلگىلىدى. دانىشمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىلاھىي ھۆكۈمنى رەھنەما تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىلھامى ۋە ئىزنىسى بويىچە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇرىنىڭ شەرەپلىك مېۋىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ناھايىتى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ ئوقۇشنى، بىلىم ئىگىلەپ بىلىملىك بولۇشنىڭ ئىنتايىن شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى. ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىمنى ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ تۈپكى پەرقى دەپ قاراپ، ئىلىمغا يۈكسەك باھا بەردى. بۇ خىل قاراش كىشىلىك جەمئىيەتتە قىممىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ، ئاللاھ ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا ئۆز پەزلىدىن ئەقىل-ئىدراك بەردى، سۆزلەشكە لايىق قىلدى، شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈردى، بىلىملىك قىلدى ھەمدە بىلىمنىڭ ئەڭ گۈزەل گۈلتاجى بولغان ئىنسانىي خىسلەت، ياخشى ئەدەپ-ئەخلاق بەردى. موشۇ بىلىم ۋە ئەخلاق بىلەن ئىنسان بالىسى بۇ ئالەمدىمۇ، ئۇ ئالەمدىمۇ بەختلىك ۋە يۈزى يورۇق بولىدۇ، دەپ قارىدى.

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

(154-بېيت)

ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

(155-بېيت)

كىشىگە ئېرۇر كۆپ بىلىم پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.

(160-بېيت)

ئەقىللىق تىرىكتۇر، ئەقىلسىز ئۆلۈك،
ئەقىل ئەرنى ئايرۇر، سۇ خىل تەڭ بۆلۈك.

(1839-بېيت)

كىشى تۈن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغتەك ئۇنى يورۇتۇر.

(1840-بېيت)

بىلىم ئىگەللەشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ يالغۇز دىنىي بىلىم بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى كەڭ دائىرىنى يەنى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تۈرلۈك قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ھەمدە ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىغا دائىر مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان موشۇ ساھەلەردىكى ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمى، ئەقلى ۋە تەپەككۇرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھارەت ۋە قابىلىيىتىنى، تىزگىنلەش، پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئاللاھ ياراتقان، ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق بولغان مۆجىزىلەردىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنى تىزگىنلەش ۋە تونۇش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ ئىنساننى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىشىدىكى ئىلاھىي ھېكمەتنى چۈشىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر، مۇرەككەپ پەنلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئىلىم-پەننى دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ كۈچلۈك قورالى، تىرىكچىلىكنىڭ ۋاستىسى، دىننى ھىمايە قىلىش، ئۆزىنىڭ ئىمان-ئېتىقادىنى قوغداش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى دەپ خۇلاسە قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەنگۈچى بولغىن، ئاڭلىغۇچى بولغىن ياكى بىلىم ئاشىقى بولغىن، بەشىنچىسى بولمىغىن، مۇنداق بولساڭ ھالاك بولىسەن**" (تەبرانى رىۋايەت قىلغان) «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق يېزىلغان:

ئىككى خىل ئىنسان كىشى ئاتىلۇر،
بىرى ئۆگرەتكۈچى، بىرى ئۆگرەنگۈر.

(3217-بېيت)

ئىككىدىن بۆلەكنى سەن يىلقى سانا،
يا ئۇ بول، يا بۇ بول، تاللاپ ئال مانا.

(3218-بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئومۇمىي خەلق مائارىپى ئىدىيىسى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىتىشنىڭ ئىنتايىن ياخشى پەزىلەت، بولۇپمۇ بىر مۆمىن مۇسۇلماندىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ھەم ئۆزىمۇ جاپا-مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق ئۆز قەلبىدىكى ئىلىم ۋە قابىلىيەتنى جارى قىلىپ «قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا كەڭ ئاممىغا ئىسلامىيەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى، ئاللاھ بۇيرىغان ئەخلاق مىزانلىرىنى، توغرا ھىدايەت ۋە سۈننەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلدى ھەمدە ئىلىم-مەرىپەت ئۆگەتكۈچىلەرگە بېرىلىدىغان كاتتا ساۋاب، مەڭگۈلۈك ئىززەت-ھۆرمەتكە نائىل بولدى.

«قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىبادەت بىلەن بولغان چەمبەرچاس مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن:

ئىبادەتكە ئاۋۋال بىلىم كۆپ ئۆگەن،
ئىلىمسىز ئىبادەت بىپايدا، چۈشەن.

(3216-بېيت)

تائەتكە بىلىملە سەن بارغىن يېقىن،
بىلىم تامغۇلايدۇ دوزاخ ئىشىگىن.

(3223-بېيت)

بىلىپ قىلسا تائەت ساۋابى تۈمەن،
ساۋاب كۈتمە بىلىمسىز ئىبادەت بىلەن.

(3224-بېيت)

بىلىمسىز قىلىنغان تائەتنى كۆرە،
گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۆرە.

(3225-بېيت)

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”**ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركىي دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار**“ («مائىدە» سۈرىسى[5-سۈرە]، 87-ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**سىلەردىن دۇنيانى دەپ ئاخىرەتنى، ياكى ئاخىرەتنى دەپ دۇنيانى تەرك قىلغان (تاشلاپ قويغان) ئادەم ياخشى بولماستىن، ھەر ئىككىسىنى تەڭ تۇتقان ئادەم ياخشى ئادەمدۇر**“. (ئىبنى ئەساكىر رىۋايەت قىلغان) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: ”**سىلەر مۇنداق دەيسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھتىن بەك قورقىمەن، ئەڭ تەقۋادارمەن، روزىنىمۇ بەزىدە تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن. كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن. خوتۇنمۇ ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇپ ئەمەس**“. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا زاھىد ئودغۇرمىش بىلەن قىلغان سۆھبەت-مۇنازىرە جەريانىدا، ئاللاھنىڭ كالامى ۋە ھەدىستىكى مۇھىم نۇقتىلارنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ بەندىلىك مەجبۇرىيىتى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيەت بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، يەنى بۇ ئالەم بىلەن ئۇ ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلماس باغلىنىش ھەققىدە تەپسىلىي توختالدۇ.

”ئودغۇرمىش“ نامى بىلەن ئاتالغان زاھىد كىشى ناھايىتى بىلىملىك، قابىل كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇ ئالەملىك ئىشلىرىغا يەنى ئىبادەتكە دەخلى يېتىپ قالىدۇ دەپ قاراپ، جەمئىيەتكە، خەلققە، ئائىلە بالا-چاقىلىرىغا، دوست-بۇرادەرلىرىگە خىزمەت قىلىشنى، ئۆز ئەقلى قابىلىيىتىنى ئۇلارغا بەخشەندە قىلىشنى خالىماي، بەلكى كىشىلەردىن قېچىپ، تاغدا، غارلاردا ئولتۇرۇپ ”خاس ئىبادەت“ بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ھەقىقىي تەقۋادارلىق، ئۇ ئالەملىك ئىشلىرىنى تولۇق ئادا قىلغانلىق دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ كۆز قارىشى مۇنداق:

تونۇم — قوي يۇڭى، بەس، غىزا — ئارپا-ئاش،
تولۇق بولدى دۇنيا ماڭا، ئەي قاياش.

(4765-بېيت)

نە دەر بىر مېھرىبان كىشى، ئىشىتكىن سۆزى،
ماكانى ئېرۇر غار، تەقۋادار ئۆزى.

(4766-بېيت)

نەسىۋەم تېپىپمەن جاھاندىن بۇنى،
يېپىشكە كېپەكنى، تونغا قوي يۇڭى.

(4767-بېيت)

كېپەك كۆپ لەززەتلىك شېكەردىن ماڭا،
بۇ ئاق تون باسار ئۇ يىپەك ئورنىنى.

(4768-بېيت)

قورساق تويغىچەدۇر بۇ ئىچكۇ — يېمەك،
تېرىق ياكى ئارپا تويارلىق دېمەك.

(4769-بېيت)

ئۇ دۇنيادا تاپماق ئۈچۈن ياخشى جاي،
جاھان ئارزۇسىنى تامام تاشلىغاي.

(4802-بېيت)

زاھىد ئۇدغۇرمىش پەقەت جىمجىت ئىبادەتتىن باشقىسى بىكار كەپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش، ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بولۇش ئىنسان ئۈچۈن جەۋر-جاپا ھەمدە ئارتۇقچە بىر يۈك، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، دۇنيا ئىشلىرى ئىنساننى گۇناھقا پاتۇرىدۇ، دەپ قاراپ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ دىن"دالى" دۇنيا"دالى" قارىشىدۇر،
يېقىنلاشماس، يولى كېسىشمەس ئىرۇر.

(5311-بېيت)

شۇڭا ئۇ دۇنيادىن، ئىنسان تىرىكچىلىكىدىن قول ئۈزۈپ، يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ، دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىنى يەپ، ئېگىز تاغلارنىڭ غارلىرىدا ئىبادەت قىلىش ئىنساننىڭ ھەر خىل گۇناھلاردىن ساقلىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، ئەل-جەمئىيەت ئۈچۈن، ئائىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھۆددىسىدىن چىقىش بەك تەس بولغان ئېغىر يۈك، ئۆزگە ئۆزى جەۋر-جاپا تېپىشتىن ئىبارەت، دەپ قاراپ، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇنى ئەل خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئۈچ قېتىملىق دەۋەتلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنداق ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى ئىسلامىي ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئەينى زاماندا ساقلىنىپ قالغان، شەكلى ئۆزگەرگەن بۇددىزىمچە ئىبادەتنىڭ تىپىك كۆرۈنىشىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىبادەت كۆز قارىشى ئىبادەتنىڭ كەڭ ۋە ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ۋە مەزمۇنىنى كىچىكلىتىپ، ئۇنى نوقۇل بىر خىل ئادىي قائىدە، رەسىم-يوسۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر ئىنساننىڭ جەمئىيەت، دۆلەت، ئائىلە ئالدىدا كۆيلىگەن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈللىنىشى، ئاۋاتلىقى، بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى، كۈچ-قۇدرىتىنى سەرپ قىلىشتەك مەسئۇلىيىتى بار. مانا بۇ تۆھپە، ئۇلۇغ ئىبادەت بولۇپ، ئىنسان موشۇ تۆھپىسى بىلەن ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن نىجاتلىق يولى ھازىرلايدۇ، يەنى بۇ ئالەملىك تۆھپىسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىنساننى ئالەمنىڭ خەلىپىلىكىگە بەلگىلىگەنلىكىدەك ئۇلۇغ ئوبرازىنى نامايان قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قىسىم ئايەتلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىنىڭ روھى ئىسلامىيەتنىڭ تەركىي دۇنياچىلىق، زاھىدلىققا قارىتا ناھايىتى ئېنىق ھوكۈمى بولۇپ، بۇ خىل روشەن ئېنىق ئىدىيە «قۇتادغۇبىلىك»تە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە كەسكىن رەددىيە بېرىش، ئىسلامىيەتنىڭ ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، بۇ ئالەم تىرىكچىلىكى، دۇنيالىق خىزمەت بىلەن ئۇ ئالەملىك خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، توغرا ئەقىدە، توغرا سۈننەتنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغانلىقىدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئاللاھقا بولغان ئىبادەت، ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى بەندىلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۇ ئالەمدە ئاللاھ ۋەدە قىلغان"ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان، نازۇ نېمەتلىك جەننەت"نى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇ ئالەمدە ئاللاھنىڭ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلىش ھەر بىر مۆمىن مۇسۇلماننىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى بولغاندەك، ئەل ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئۈچۈن قىلىنغان ياخشى خىزمەت، ياخشى ئەمەل، ساۋابلىق ئىشلارمۇ، بۇ دۇنيادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتمۇ قوشىنىڭ يەنە بىر قانىتىغا ئوخشاش ئۇنى يۈكسەكلىككە ئېلىپ چىقىپ، چەكسىز سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم يول ھەمدە ئىنسان ئۈچۈن شەرەپلىك قەرز ۋە پەرزدۇر. بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش، بىرىنى دەپ يەنە بىرىگە زىيان يەتكۈزۈش توغرا ئەمەس، ئىسلام روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق يېزىلىدۇ:

جامائەت بىلەن قىل پەرز ۋە ناماز،
پەقىرلەر ھەجدۇر بۇ جۇمە ناماز.

(3239-بېيت)

ھالالدىن تېپىپ مال پەقىرلەرگە بەر،
تۇتۇپ ئەل قولىن، بول ئۇلارنى يۆلەر.

(3240-بېيت)

سانالغان بۇ ھەممە بىر تائەت ئېرۇر،
بۇ تائەت بىرلا بارچە راھەت كۆرۇر.

(3241-بېيت)

قىلىپ تەرك بۇلارنى، سەن ئەي خۇلقى ساز،
تۇتۇپ روزا، يالغۇز ئوقۇرسەن ناماز.

(3242-بېيت)

بۇ روزا، نامازلار ئۆز پايداڭ ئېرۇر،
ئۆز نەپسىن دېگەنلەر بەك خۇدبىن بولۇر.

(3243-بېيت)

خۇدا بەردى قۇلغا ئىككى كۆز قۇلاق،
بىرىن دۇنياغا، بىرىن ئاخىرەتكە باق.

(3657-بېيت)

ئىككى قول بېرىلدى، سۇنۇپ تۇتقىلى،
بىرى دۇنياغا، ئاخىرەتكە بىرى.

(3658-بېيىت)

ياراتتى خۇدايىم بۇ ئىككى جاھان،
بىرىنى تاپساڭ ئىزلە ئۇ بىرىنى ھامان.

(3662-بېيىت)

خۇدانىڭ سۆيۈنچىن تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
مۇسۇلمان سۆيۈنچىن تىلە، كەس سۆزۈڭ.

(3250-بېيىت)

ئەمەس تائىتىڭگە ھاجەتمەن خۇدا،
تىلەپ ياخشى نام، ئەيلە قۇللۇق ئادا.

(3251-بېيىت)

ئۇيغۇرلار قەدىمىي تارىخ مۇساپىسىدە بۇددا دىنى قاتارلىق ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. پەقەت خاقانىيە دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. لېكىن ئۇزاق تارىختىكى دىنىي ئېتىقادنىڭ ساقتىلىرى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ساقلىنىپ، ئۇزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئىدىيە، روھىي ھالەت، تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردە جان-جەھلى بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇددا راھىبى زاھىد ئۇدغۇرمىش بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق بۇددا ئەقىدىسىنىڭ ئىسلامغا تۈپتىن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئىسلام دىنى ۋە شەرىئىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان. زاھىدلىققا قارشى توغرا ئەقىدە ۋە شەرىئەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسان تەرەققىياتى، ھايات مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىپ، ئىككى ئەقىدە، ئىككى خىل دۇنيا مۇنازىرىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سائادەتمەن يولنى تاللاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن. ئۇل زامانلاردىن بېرى باش كۆتۈرۈپ قالغان تەركىي دۇنياچىلىق روھىي ھالىتىنىڭ، بۇددىزىم ۋە زاھىدلىققا قارشى ھارماي كۈرەش قىلغان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرۇشى، بۇ تەلىماتلارنى چەتكە قېقىشى، ئالىمنىڭ شەرەپلىك نامىغا ئورۇن بەرمەسلىكلىرى ھەرگىز ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. تارىختا قارايدىغان بولساق، ھەر خىل "ئەۋلىيا"، مازار- ماشايىخلارنىڭ تەزكىرە- خاتىرىلىرىنىڭ كۆپلىكى، لېكىن پەخىر-ئىپتىخارىمىز بولغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ يوقلۇقى يۇقىرىقى كۆز قاراشنى روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق مىزانلىرى كۆرسىتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىنسان ئەخلاقىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەمۇنىسىنى تىكلەپ، ئاللاھنىڭ: **"(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن"** («قەلەم» سۈرىسى[68-سۈرە]، 4-ئايەت) دېگەن مەدھىيىلىشىگە مۇشەررەپ بولدى. ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەڭگۈلۈك تېما. ئىسلام دىنىدا ئەخلاق مەسىلىسى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ كامىل ئىمانى، چوڭقۇر بىلىمى، ساغلام روھىي دۇنياسى، ئىتائەتمەن ھەرىكىتى بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىشلىق بىر مەسىلە سۈپىتىدە قارىلىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ«قۇتادغۇبىلىك»تە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تە قەيت قىلىنغان ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ ۋە كىشىلەردىن گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇسۇلى ئىسلام بويىچە نەھى مۇنكەر، ئەمر-مەرۇپ قىلىدۇ، يەنى ئىسلام ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئۇ ھالال ئەمگەك قىلىش، سېخىيلىق، كىشىلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلىش، كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماسلىق، ئىناق- ئىتتىپاق بولۇش، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ھالالغا يېقىن تۇرۇپ ھارامدىن قېچىش، ھەسەد، غەيۋەت-شىكايەتتىن ساقلىنىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن كىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر! ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر"** («ھۇجۇرات» سۈرىسى[49-سۈرە]، 12-ئايەت).

ئېگىز-پەس سۆز ئېيتما، تۇرغىن ئەيمىنىپ،
زەھەردۇر ئۇلارنىڭ گۆشى قال بىلىپ.

(4349-بېيىت)

ھەسەد بىر كېسەلدۇر داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىن ئۆز يەپ، سېزەر ئۇ ئاداق.

(4253-بېيىت)

قوشۇلما پىتنىخورغا، بارما يېقىن،
ئۇنىڭكى تىلىدىن چىقار ئوت-چېقىن.

(4212-بېيىت)

قېتىلما ئىككى خىل ئەرگە، يىراق تۇر،
قېتىلساڭ كۆر ئەمدى، چاتاق چىقادۇر.

(4271-بېيت)

بىرىدۇر چېقىمچى، پىتنە-پاساتچى،
بىرى ئىككى يۈزلۈك، ئۆز مەنپەئەتچى.

(4272-بېيت)

سائادەتنى تاپقان پاساتتىن قاچار،
هەر ئۆچكەن ئوتنى ئۇ پاسات ياندۇرار.

(4412-بېيت)

پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىن،
پاسات نەدە بولسا خارلىق شۇندا، بىل

(4414-بېيت)

پاسات بىرلە دۆلەت تۇرالماس قاچار،
تۇنەپ ئۆتسە مېهمان، سەن تاڭ قالمىغىل.

(4415-بېيت)

هارامغا قوشۇلما ۋە كۆرسەتمە كۈچ،
خۇسۇمەت قىلىپ تۆكمە قان، ئالما ئۆچ.

(1433-بېيت)

كىشىنىڭ سەر خىلى ئۇياتلىق كىشى،
ئۇياتلىق كىشىدۇر، كىشىلەر بېشى.

(2201-بېيت)

بىر گۆشسىز سۆڭەكتۇر ئۇياتسىز يۈزى،
ئېتىلمەس تۆشۈكتۇر، ئۇياتسىز كۆزى.

(2206-بېيت)

ئۇياتسىز كىشىدىن يىراق تۇر، يىراق،
ئۇياتسىز كۆزىدە خۇنۇك بىر قاداق.

(2205بېيت)

ئۇيات بىرلە ئەر ئابرويلۇق بولۇر،
ئۇيات بىرلە ئادەم كۆزى نۇرلىنۇر.

(2207-بېيت)

«قۇرئـان كـەرىم»دە مۇنـداق دېـيىلىدۇ. **"زىـناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر"** («ئىسرائىل» سۈرىسى[17-سۈرە]، 32-ئايەت). **"ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار ( يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن، ئاللاهنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟"** («مائىدە» سۈرىسى[5-سۈرە]، 90-، 91-ئايەت). مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام: "هاراق بارلىق گۇناهلارنىڭ ئانىسى" دەپ كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەنە شۇ ئۇلۇغ تەلىمنىڭ ئىزىنىسى بويىچە زىناخورلۇق، مەيخورلۇق-هاراقكەشلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، مۇنداق ئەخلاقى چۈشكۈنلۈكلەرنى ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق، جەمئىيەت ئۈچۈن يېتەرلىك ئاپەت، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش هەر بىر ساغلام ئەقىل ئىگىسىنىڭ ۋەزىپىسى، زىناخورلۇق ۋە مەيخورلۇق تەنىنى زەئىپ، مىللەتنى خاراپ قىلىدىغان، كىشىنىڭ ئىمان-ئېتىقادىنى يوقىتىپ، ئىقتىسادقا ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان قارا كۈچ، بارلىق ئىجتىمائىي پاسكىنىلىق، بالايى-ئاپەتنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ.

مەي ئىچمە، بۇزۇقلۇقتىن بولغىن يىراق،
زىنا قىلما، پاسىق دەپ ئالما ئاتاق.

(1334-بېيت)

مۇبارەك بەخت بۇ قىلىقتىن قاچار،
ئۇ ئەلگە پەقىرلىك يولىنى ئاچار.

(1335-بېيت)

مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە هەزەر،
ئۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كەيدۈرەر.

(1337-بېيت)

هاراق مىڭ گۇناهقا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

(1338-بېيت)

هاراقتۇر بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ دۈشمىنى،
جىدەل-غەۋغا هاراقنىڭ ئېتىدۇرچىنى.

(2651-بېيت)

نە ياخشىلىغ هايالىق، ئۆز خۇلق، سىلىق،
مەي ئىچسە قىلۇر ئۇ پەسكەش قىلىق.

(2653-بېيت)

كىشى ئاڭ- بىلىم، هوش، ئۇياتنى ئېرىغ——
نىجىس بۇ هاراققا بېرۇر ۋادەرىغ!

(2654-بېيت)

مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كېتۇر دۆلىتى،
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە، ئاخماق ئېتى.

(2655-بېيت)

بىلىملىك مەي ئىچسە بولۇر بىر قارا،
نادان ئىچسە كىچىكلەپ، بولۇر بىر بالا.

(2659-بېيت)

«قۇرئـان كـەرىم»دە مۇنـداق دېـيىلىدۇ. **"ئاللاهنىڭ رەهمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر**

**قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ"** («ئال ئىمران» سۈرىسى[3-سۈرە]، 159-ئايەت).

نېمە دېدۇ ئاڭلا پەيغەمبەر نەبى،
كېڭەش ھەممە ئىشنىڭ داۋاسى-ئەمى.

(5651-بېيت)

يېقىنلار بىلەن سەن ئەيلىگىن كېڭەش،
يېشىلگەي كېڭەش بىرلە ھەر تۈرلۈك ئىش.

(5652-بېيت)

كېڭەش بىرلە تۈزۈلۈر كىشىنىڭ ئىشى،
پۇشايمانلىق ئۇلغاي كېڭەشمەس كىشى.

(5653-بېيت)

كېڭەشسە كىشىدە بىلىم كېڭيۇر،
كېڭەشكە قوشۇلسا بىلىم، ئىش ئوڭۇر.

(5657-بېيت)

نە ئىش قىلماق ئۇلساڭ كېڭەش ئەر بىلە،
كېڭەشمەس كىشىدىن يىراقلىق تىلە.

(5659-بېيت)

نىچۇك ئىشنى قىلساڭ كېڭەش بىرلە قىل،
كېڭەش بىرلە كۈتكەن تىلەكلەر كېلەر.

(5660-بېيت)

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ. **"ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق، ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر"** («بەقەرە» سۈرىسى[2-سۈرە]، 153-ئايەت). «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ. **"ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ"** («ھەج» سۈرىسى[22-سۈرە]، 35-ئايەت).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك شۈكرى-قانائەت، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رىزا بولۇش مەسىلىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ.

خۇدا كىمگە قىلسا ئىنايەت، مەدەت،
ھەر ئىككى جاھاندا تاپۇر سائادەت.

(1267-بېيت)

خۇدا پەزلى كىمگە يار ئولسا ئەگەر،
ئۇ ھەممە نېمەتۇ ئارزۇغا يېتەر.

(1269-بېيت)

ئىگەم ساقلىسا كىمنى ئۇ ساقلىنۇر،
تىلەككە يېتىپ، ياخشى نېمەتلىنۇر.

(1271-بېيت)

قايۇ قۇل خۇداغا ئىشەنسە تۇرۇپ،
بالانىڭ ئىشىكى يېپىقلىق تۇرۇر.

(2158-بېيت)

رىزا بول خۇدادىن نە كەلسە ساڭا،
رىزا ۋە رىزالىق قۇللۇقۇڭ ئاڭا.

(2159-بېيت)

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ. **"سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار) "** («نىسا» سۈرىسى[4-سۈرە]، 86-ئايەت).

بىلۇرسەن سالام پەزلى بەك چوڭدۇر ئول،
كىم ئاۋۋال سالام بەرسە ئاچتى بۇ يول.

(5052-بېيت)

سالامدۇر كىشىگە ئېسەنلىك يولى،
سالامىلە قويۇلۇر ئېسەنلىك ئۇلى.

(5055-بەت)

سالامدۇر كىشىگە ئەمىنلىك ئامان،
قىلىسا سالام ساق بولۇر ئۇشبۇ جان.

(5056-بېيت)

ئامان بەردى ئەلگە سالام بەرگۈچى،
سالامەت بولۇر ئۇ ئىلىك ئالغۇچى.

(5058-بېيت)

سالام ساقلار يامان كىشى شەررىدىن،
سالامەتلىك ئالدى جاۋاب قىلغۇچى.

(5059-بېيت)

شەرقنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغان تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى قاتارىدا يېزىقنى ئەڭ ئاۋۋال قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسەت، سەبىر قانائەتلىرى، شۈكۈر-مەدھىيىلىرىنى يېزىق ئارقىلىق

خاتىرىلەپ، تاش پۈتۈكلەردىن تارتىپ يىپەك، قەغەز ۋە باشقا كاتتا سەھىپىلەرگە يېزىپ، ئەۋلادلارنىڭ ئۇلۇغ قەدەملىرىگە غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلغاندەك، دانىشمەن ئۇستاز يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەرىيادەك ئىلمىنى ھارماس قەلىمى بىلەن يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ، ئۇنى ئەقىل-پاراسەت، ساغلام ئەقىدە، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە كىتاب بېتىگە چۈشۈرگەن بولۇپ، مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ئۇچقۇر قەدەملىرىدە يوقالماي، تارىخ ئەگرى-توقايلىرىدا دات باسماي، ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن چاقناپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ ئاللاھ بەرگەن ئىلىمنىڭ خاسىيىتى، ئەقىلنىڭ بۈيۈك كەشپىياتى. ئۇنىڭ ھەر بىر بېيىتى ۋە ھەر بىر مىسراسىدىكى ئاجايىپ پاساھەت، بالاغەت، ئۆزگىچە ئىلمى ھېكمەت، شېئىرىي لەززەتنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ئاساسى بىلەن چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ياڭراپ تۇرغان سېھىرلىك سادادىن ئىلھام ئېلىپ، قەلبىمىزنى تېخىمۇ روشەن قىلىش بۈگۈنكى تارىخ بەخش ئەتكەن بىز ئەۋلادلارنىڭ پەخىرلىنەرلىك قىسمەتلىرىدۇر.

تېتىكلىك نىشانى ئېرۇر بۇ بېتىك،

يېزىقنى بىلگەن ئەر بولۇر بەك تېتىك.

(2224-بېيت)

يېزىقنى بىلمەس ئەرسە ئادەم ئوغلانى،

بىلەيتتى قانداق يىل، ئاي، كۈن سانى.

(2225-بېيت)

يېزىپ قويمىغان بولسا ئالىم بېتىك،

ھېسابتا بولۇر ئەردى چارە نىچۈك.

(2226-بېيت)

ياراتماستىن ئاۋۋال خۇدا بۇ ئالەم،

ياراتتى، يورۇتتى بۇ لەۋھۇ قەلەم.

(2227-بېيت)

پۈتۈپ قويمىغان بولسا ئالىم، ھېكىم،

بۇرۇنقىنى بىزدىن ئېيتار ئىدى كىم؟

(2699-بېيت)

ئەگەرچە پۈتۈكچى پۈتمىسە بېتىك،

نىچۈك بىلگەي ئەردىڭ بۇ ھېكمەت بىلىك.

(2698-بېيت)

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ھەر بىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر"** («ئەنكە بۇت» سۈرىسى [29-سۈرە]، 57-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"نە سەھەت ئۈچۈن ئۆلۈم يېتەرلىكتۇر"**. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ھايات-ماماتلىق، يەنى ئۆلۈم مەسىلىسىدە خېلى كۆپ سەھىپە ئاجراتقان، بۇ بارلىق كىشىلەرنى ھاياتلىقنى قەدىرلەش، ھاياتتىن ئىبارەت ئاللاھ بەرگەن نېمەت ۋە سىناقنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىپ، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، ئىنسانغا، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارغا ئالدىراش، ھاياتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك، ئۇ ئالەمگە بارغاندا ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ۋە گۇناھكار بولماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتەك ئومۇمىي مۇراجىئەتنى ئىپادىلەپ، تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەردىن مىسال كەلتۈرگەن.

قېنى ئۇ بۇ دۇنيا تىلەپ تاپقۇچى،

ئۆزىگە تۈمۈر تۇر، شەھەر قۇرغۇچى.

(شەددات، 4710-بېيت)

قېنى ئۇ گۈستاخ ئىت، دۇنيا دەپ يۈرۈپ،

يېشىل كۆككە ئۇچقان قارا قۇش مىنىپ؟

(نەمرۇد، 4711-بېيت)

قېنى ئۇ خۇدا مەن دېگۈچى جاھىل،

خۇدا قىلدى دەرياغا غەرق ئۇنى، بىل.

(فىرئەۋن، 4712-بېيت)

بۇ دۇنيا مېلىنى يىغقۇچى قېنى؟

مېلى بىرلە كەتتى، يۇتۇپ يەر ئۇنى.

(قارۇن، 4713-بېيت)

قېنى شەرقتىن غەربكە قەدەر بارغۇچى،

بۇ دۇنيانى كېزىپ جاھان تۇتقۇچى.

(ئىسكەندەر، 4714-بېيت)

قېنى ئۇ تاياغى ئىلان بولغۇچى،

دېڭىز يېرىلىپ، ئۇڭا يول بەرگۈچى.

(مۇسا، 4715-بېيت)

قېنى ئۇ پەرى، قۇش ۋە ئىنسان ئۆزە،

ئۇلۇغ بولغۇچى ئۇ خۇلقى پاكىزە.

(سۇلەيمان، 4716-بېيت)

قېنى ئۇ ئۆلۈكنى تىرگۈزگەن كىشى،

ئۆلۈمگە تۇتۇق بولدى ئاخىر ئىشى.

(ئىسا 4717-بېيت)

قېنى ئۇ، كىشىلەر ئارا خىل ئۇلۇغ،

بوشاپ قالدى دۇنيا، كېمىيىپ تولۇقلۇق.

(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، 4718-بېيت)

«قۇرئان كەرىم» دە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ۋە نۇرغۇن قەۋملەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن ناھايىتى روشەن ئىبرەت

خاترىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەنە شۇ قىسسىلەر ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز قارىشى پۈتۈنلەي «قۇرئان كەرىم» دىكى ئۇقتىئىنەزەرلەرگە ئوخشاش. ئۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئادەم ئەلەيھىسسالام، نوھ پەيغەمبەر، لۇت، ئەيۇپ، مۇسا، سۇلەيمان، ئىسا، ئىبراھىم قاتارلىق مەشھۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ ناملىرى، ئۇلارنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە سالامالارنى ئىزھار قىلغان. جۈملىدىن ئاد، سەمۇد ۋە باشقا قەۋملەرنىڭ ناملىرى ئۇلارنىڭ بەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇش، ئۇلار قۇرغان قۇدرەتلىك سەلتەنەت، تاجۇ تەختلەر، بىنا-ئىمارەتلەر، شەھەر-قەلئەلەر ھەمدە تەلۋىلىكتە چېكىدىن ئاشقان لۇت قەۋمى قاتارلىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەزەپلىرى بىلەن بەزىلىرىنىڭ كەلكۈن سۇ، بەزىلىرىنىڭ قەھرىلىك بوران، دەھشەتلىك ئاۋاز، تاشبوران، دۈم كۆمتۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىنغانلىق ئىبرەت خاترىسىنى ئەسلەش ئارقىلىق ھەددىدىن ئاشقان، يامان خۇيلۇق فىرئەۋن، زاھھاكتەك ۋە ئىران شاھلىرىدەك زالىم مۇستەبىتلەرنىڭ ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بۇ جاھاننەمادا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق سىزىلغان ھەيۋەتلىك ئوبرازى ۋە پاك قەلبىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مىلادى 11-ئەسىردە ياشىغان يېتۈك شائىر، ھەر قايسى ئىلىم-پەنلەر بويىچە شۆھرەت قازانغان ئالىم، بەدىئىي ئىجادىيەتچى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن كامىل مۇسۇلمان، يېتىشكەن مۇسۇلمان ئالىم، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان بۈيۈك مۇجتەھىت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ پەزىلىتى ۋە ئىجتىھاتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان-شەرىپى ۋە پەخىر-ئىپتىخارى بولۇشقا مۇناسىپ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ. ''**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىنغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**''( «ئال ئىمران»سۈرىسى[3-سۈرە]، 104-ئايەت). يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەمگىكى بىلەن ئاللاھ بۇيرۇغاننى ئۇلۇغلاپ، توسقانلارنى مەنئىي قىلىپ، ئىنسانىي ئەقىل، ئەخلاق بىلەن پاك ياشاشقا ئۈندەپ، تەبلىغ-ئەھكام قىلىپ ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغۇچى مەشھۇر زاتلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە قىبلىنەماسى، ئىلىم-پەلسەپىسى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»، ئۇنىڭ داڭلىق داستانى«قۇتادغۇبىلىك»، ''**ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان**''(«نەھل»سۈرىسى[16-سۈرە]، 89-ئايەت) ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلھامى ۋە ئىزنىسى، مۆئەللىپنىڭ ئەقىل-پاراستى، مۇستەھكەم دىنىي ئېتىقادى، ۋايىغا يەتكەن يېزىقچىلىق قابىلىيىتى، توپلىغان مول بىلىملىرىنىڭ مۇستەھكەم جۇغلانمىسى، ئەدەبىيات، يەنى شېئىر-نەزمىسى ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تىكى ئۇلۇغ روھنى يۈكسەك ھاياجان، تايىماس ئەقىدە بىلەن تەبلىغ قىلىشىنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى. داستاندىكى پەيلاسوپلارچە قىلىنغان پەند-نەسىھەت، رىغبەت ۋە ئاگاھ، ئىلىم-مەرىپەت بىر يىلتىزدىن چىققان باراخسان شاخ، بىر قىزىل يىپ بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ئۈنچە-مەرۋايىت. داستاندىكى مول بىلىم، يۈكسەك پەلسەپە، ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى بىرلىشىپ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى، ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىسى بىلەن مىڭ يىللار مابەينىدە كونىرىماي، ئىلھامى، بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتماي، قايسى مەزمۇن، قايسى ساھە، ھەتتا ھەر بىر بېيىت، ھەر بىر مىسراسى ئارقىلىق بىلىم ئېلىشقا تەلپۈنگەن ئىلىم تەشنالىرى، ھېكمەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئۈمىد ۋە ئىزدىنىشلىرىگە تولۇق جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتى، تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي شان-شەرىپى، مەنە ھېكمەتلىرىنى تولۇق ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ باھا ۋە بۇ سۆيەت بۈگۈنكى باھا ۋە سۆيەت بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىلادى 11-ئەسىردىكى تارىخىي شارائىت، ھەقىقىي ئىدىيە، ھەقىقىي مەقسەت بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان-شەرىپى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ داڭلىق داستانى«قۇتادغۇبىلىك»كە نىسبەتەن ھەقىقىي باھا، ئەينى خىسلەت، ھەقىقىي پەزىلەت ۋە يۈكسەك ئوبراز ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور. قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاللاھنىڭ چاقىرىقىدۇر

سابىر ئىمام

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**"جانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ جانلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئارا تونۇشۇپ دوستلىشىدىغانلىرى ھەم ئۆز ئارا قارشىلىشىپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ تۇرىدىغانلىرى بار".** («ھەدىس شەرىف»تىن) «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادىنى مەركەزلەشتۈرىدىغان، تەقۋادار مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلىققا چاقىرىدىغان ھەم ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان مۇقەددەس كىتابتۇر. مۇسۇلمانلار چوقۇم قۇرئاننىڭ روھىغا ئەمەل قىلىشى، ئىمانىنى تۇتقا قىلغان ئاساستا مۇكەممەللىككە يۈزلىنىشى كېرەك، مانا بۇ ئاللاھنىڭ چاقىرىقى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىلاھىي كالام ئارقىلىق"پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىر جەسەتتەك ھەم بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلاردەك " دەپ تىلغا ئالغانىدى. بۇنىڭدىن 14 ئەسىر مۇقەددەم بولغان تارىخ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يۈز يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتكىنىمىزدە شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرمىگەن ئەلدە قانداقمۇ تىنچلىق ۋە يۈكسىلىش بولسۇن؟ شۇڭا «قۇرئان كەرىم» 1400يىل ئىلگىرىلا مۇسۇلمانلارنى سۆز-ھەرىكەتتە ئىتتىپاقلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشكە چاقىرىق قىلغانىدى، بۇ چاقىرىق تا قىيامەتكىچە ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ قۇلىقىدا جاراڭلاپ تۇرۇشى كېرەك. ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەت ئارقىلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىرىدۇ. **"ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرىكى يەھۇدى ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار. ئاللاھ ئىمان ئارقىلىق دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى. ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ"** («ئال ئىمران» سۈرىسى[3-سۈرە]، 103-ئايەت).

**"ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار. ئاللاھ ئىمان ئارقىلىق دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى. ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار"** دېگەن مۇبارەك سۆز ئاللاھنىڭ ئىماندىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك نېمەتنى بىزگە تا قىيامەتكىچە مۇيەسسەر قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئىمان ئارقىلىق بىزنى ئۆز ئارا دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىشكە چاقىرىق قىلغانلىقىنى، ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ يەنىلا ئىمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىۋاتسا، بۈگۈنكى كۈندىكى بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشالماسلىقى ئىمانىمىزنىڭ مۇكەممەلسىزلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ!

ئىتتىپاقلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېمىرىلمەس كۈچ-قۇدرەت. شۇڭا ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەككە مۇشرىكلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى نۆۋەت ساھابىلەر ئارىسىدا قېرىنداشلىق تۈزۈمى ئورناتقانىدى. بۇ ئىسلامىي قېرىنداشلىق ئابروي ياكى مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغانىدى. مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ بىرلىكى ئاساسىغا تىكلەنگەن ئىسلام قېرىنداشلىقى ھەر قانداق يۇرت، قەبىلە، ئىرق ئايرىمچىلىقى ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقتىن ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر نۇرغۇنلىغان دىن دۈشمەنلىرىنى سۈيۈرۈپ تاشلىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىمان ئىسلامنى ئاساسىي نىشان قىلغان ۋە بىرلىكنى ساقلىغان جامائەتلەرگە بولىدۇ. بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەر جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە رەھمىتى جامائەتنىڭ ئۈستىدە، سىلەر بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار. شەيتان جەزمەن بىر ئادەمگە كۆپرەك ھەمراھ بولىدۇ، ھالبۇكى ئىككى كىشىدىن يىراق".** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان) بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىسلام دېگەن بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى بۆلۈۋېتىشنى قاتتىق چەكلىگەن.

ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ چىقىشالماسلىق ھالاكەتكە

يۈزلىنىشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: "**ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك بولغان**". (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر دىنىي ھۆكۈملەردە ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشقانلىرى ھەم توغرا كۆز قاراشقا قايىل بولمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلىقى ياكى ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەن تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەينەن ئىبارىلىرىنى ئۆز مەنپەئەتلىرىنى دەپ ئۆزگەرتكەنلىكى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەشەددىي قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئاللاھ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى ئوخشىمىغان ئازاپلار بىلەن يەر شارىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

بۈگۈنكى كۈندىكى بىر تۈركۈم كىشىلىرىمىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرپلىرىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دىندا ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پەيدا قىلغان ئىختىلاپى ئاز ئەمەس. بىر قىسىم مۇسۇلمانلىرىمىز بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، بىر «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق بىر-بىرىنى "كاپىر، يەھۇدى، ئەھلى كىتاب" دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەنلىكى بىلەن ئويلاشماي، باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكەت، ئىبادەتلىرىنى ياراتماي، ئۇنى ئاز دەپ نۇرغۇن بىلىملىك زاتلىرىمىزنى ھاقارەتلەپ تەپرىق-ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىپ گۇناھقا پاتماقتا. ئاللاھ تائالانىڭ بۇنىڭغا قارىتا جازاسى ئاز بولمىسا كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: "**كىمكى بىر قېرىندىشىنى كاپىر دېسە، بۇ سۆز ئاسمان-زېمىننى ئايلىنىپ شۇ كىشىنىڭ بىرسىگە يانىدۇ**". (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەگەر مۇسۇلمانلىرىمىز بىر-بىرىمىزنى كۆزگە ئىلماي، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىنى توغرا شەرھلەيدىغان تەقۋا ئۆلىما-ئالىملىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشماي، ئۆز ئىچىمىزدىن جاھىللارچە گۇرۇھۋازلىق، تەپرىق-نىزا شەكىللەندۈرىدىغان بولساق ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بولغان ياردىمى تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاشۇنداق ناچارلىقنى تۈگىتىپ، كىمنىڭ توغرا بولسا شۇنىڭكىنى قوبۇل قىلىپ، بىر-بىرىمىزگە مەسئۇل بولغان ئاساستا خاتالىقىمىزنى تۈزەپ، مۇسۇلمانلىق بىر گەۋدىمىزنى ساقلىشىمىز، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقىمىز لازىم.

كىمكى، مېنىڭ توغرا، مېنىڭ دېگىنىم قوبۇل قىلىنىشى كېرەك دەپ چىڭ تۇرىۋېلىپ، كەينىگە نادان ئەگەشكۈچىلىرىنى توپلاپ بىرلىك-ئىناقلىققا زىيان يەتكۈزىدىكەن، ئۇ كىشى مۇتەئەسسىپ، جاھىل، ھەتتا بۇزغۇنچى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغۇچى ئادەم، بېخىل ئادەم ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ**". (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

خېلى كۆپ ئىلىملىك موللىلىرىمىز قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىنى مۇسۇلمانلارغا توغرا يەتكۈزۈپ بىرلىك شەكىللەندۈرۈۋاتسا، ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋاتقان يەنە بىر قىسىم خاراكتېرى ئاجىز كىشىلەر ئابروي، تەسىر-دائىرە تىكلەش مەقسىتىدە قۇرئان ۋە ھەدىس روھىنى جامائەتكە خالىغىنىچە شەرھلەپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۆلۈۋېتىش، ياش-قېرىنى ئايرىۋېتىش، ھەتتا ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئۆچ قىلىۋېتىشكە كۈچەۋاتىدۇ. ئەگەر ھەر قانداق كىشى مۇشۇ مەقسەتتە بولىدىكەن، يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن جەننەتتىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: "**ئۆز ئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، ئۆز ئارا قېرىنداشلارچە بولۇڭلار**". (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

بىر نەچچە يىل مابەينىدە ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر دىنىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلىرىمىز ئارىسىدا نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ۋە بىر-بىرىگە ئىشىنىش روھىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى ۋە يەتكۈزۈۋاتىدۇ، بىز بۇنداقلارغا ئارىمىزدىن ئورۇن بەرمەسلىكىمىز كېرەك. دۇنيالىق پايدا-مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدىغان ساھابىلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى بىلگىنىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناق-ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. زامانىمىز مۇسۇلمانلىرى قېرىنداشلارچە مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، چوڭلار كىچىكلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئۇلارنى ئاسرايدىغان، كىچىكلەرمۇ چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، تىنچ-ئىناق بىر ئىجتىمائىي ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتكە مۇشەررەپ قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن؛
ماقالىنى كۆرۈپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان رەستە
مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئۆمەرجان مەخسۇم ھاجى)

# ئانىلارنىڭ ھەم بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرەيلى

ياقۇپ ھەمدۇللا

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

دۇنيانىڭ كۆركى ھەم زىننىتى ئايال،
ھاياتنىڭ مەنىسى، لەززىتى ئايال.
ئايال ئۇ قەدىرلىك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان،
ئاللاھنىڭ نېمىتى، رەھمىتى ئايال.

ئايال — ئىنسانىيەتنىڭ يىلتىزى، ئۆينىڭ چىرىغى، يازنىڭ گۈلى، قىشنىڭ ئوتى. ئىنسان ئۇلۇغ، شۇ ئىنساننى تۇغقان، باققان، تەربىيىلىگەن ئانىلار تېخىمۇ ئۇلۇغ! مۇسۇلمانلار ئانىنى بەك ھۆرمەتلەيدۇ. چۈنكى ئىنسانلار يەر شارىغا ئانىدىن تارالغان. «قۇرئان كەرىم»دە: **"ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن)، بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق"** («ھۇجۇرات» سۈرىسى[49-سۈرە]، 13-ئايەت) دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئۇرۇق-جامائەلەرگە بۆلۈنگەندە، ئەڭ دەسلەپتە ئۇرۇقلارنى ئانىلار باشقۇرغان. دېمەك ئانىلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئانىسى.

ئاياللار دۇنيادا ئەڭ گۈزەل. ئاياللار بولغاچ ھايات گۈزەل. ئاللاھ تائالا رەھمەت-شاپائىتى، قۇدرەت-كارامىتى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىندىن ئەرشكە ئەچىقىپ، جەننەتنىڭ 70 خىل كىيىمىنى كەيدۈرۈپ، بېشىغا تاج تاقاپ، قولىغا پۈتۈن ئەرشىئالانىڭ پادىشاھلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئەڭگۈشتەرنى تاقاپ، ئالتۇن كۇرسىتا ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتكۈل بېھىشنىڭ ھاۋايى ھەۋەس، نازۇ-نېمەت، شېرىن-شەربەتلىرىنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئۇ جەننەت لەززىتىدىن ھوزۇرى قانماي ئايالدىن جۈپتى تەلەپ قىلغان. "ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوتۇن ھەۋىسى تەقەززا قىلدى ۋە دېدى: 'مۇنداق ئىززەت ۋە ھۆرمەت، دۆلەت-سائادەت بار يەردە بىر جۈپتۈم بولسا ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداش ۋە سىرداش بولۇپ ئۆتسەك!'" («قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 19-بەت) دېمەك، ئايال دۇنيانىڭ راھىتى، لەززىتى، كۆڭۈل ھوزۇرى. ئايالسىز تۇرمۇش چاڭقاق، قاغجىراق ۋە سوغۇق.

ئاياللار ئەڭ گۈزەل. ئۇلاردىكى گۈزەل جامال ھېچ نەرسىدە يوق ئىدى. ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۆزىنىڭ نۇرىدىن بىر زەررە ئېلىپ ئۇنى يۈزگە بۆلۈپ 99 پىرسەنتىنى ھەۋۋا ئانىغا بەردى («قىسسەسۇل ئەنبىيا» 20-بەت) دېمەك، ئاياللار گۈزەل، ئاياللار بولغاچ ھايات گۈزەل، تۇرمۇش بەختىيار ئۆتەر.

بىز ئاياللارنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى، تۇرمۇشتىكى، ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشتىكى ئورنى ۋە رولىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. جەمئىيەت ئادەملەردىن، ئائىلىلەردىن شەكىللىنىدۇ. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ كۆزنىكى، ئاياللار ئائىلىنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئىگىسى. ئايالنىڭ قانداق بولۇشى ئائىلىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ئايالنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق بولۇشى پۈتۈن ئائىلىنىڭ بولۇپمۇ بالىلارنىڭ روناق تېپىشى، بەختىنى تېپىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. تارىختا نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائى قاتارلىق ئالىملارنى تەربىيە كۆرگەن، مەرىپەتپەرۋەر، دانا پىكىرلىك ئانىلار تۇغقان ئىدى. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى سەۋىيىگە يەتكەندە مائارىپشۇناس دوكتورلاردىن ھەكىمە ئەرشىدىن، رەيھانگۈل پەتتار، تىببىي پەن دوكتورى ئادالەت قاسىم، ھەدىيە ھاشىم قاتارلىق مۇتەخەسسىس ئالىملار ئېسىل خىسلىتى، ئاجايىپ تالانتى بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىر-غۇرۇرى بولۇپ قالدى.

ئاياللارنىڭ نەسەپ قالدۇرۇش، بالا تەربىيىلەشتىكى رولى ناھايىتى زور. ئانىنىڭ قانداق بولۇشى بالىنىڭ قانداق بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئانىنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولسا بالىنى سۈپەتلىك تۇغۇپ، ئىلمىي بېقىپ، ئىجتىھات بىلەن تەربىيىلەپ سۈپەتلىك يېتىلدۈرىدۇ. "ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق" دېگەن تەمسىلدە ئاشۇنداق چوڭقۇر مەنە يەكۈنلەنگەن. بالا ئائىلىنىڭ نەسەپ

يىلتىزى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى. بالىلار سۈپەتلىك تۇغۇلۇپ ساپالىق تەربىيىلەنسە مىللەتنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولسا ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى، تەرەققىيات تېز بولىدۇ. دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئانىلارنىڭ رولى زور بولىدۇ. قەيەردە خوتۇن-قىزلار قابىلىيەتلىك، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، تىرىشچان، تەلەپچان بولسا شۇ جايدىكى بالىلار، ياشلار بىلىملىك، ئەدەپلىك، غەيرەتلىك، مەدەنىيەتلىك، تىرىشچان، ئەمگەكچان بولىدۇ. بالىغا ئانىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئەجرى سىڭگەن بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە. "**ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى، ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ)، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): ‹پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)...دەيدۇ**" («ئەھقاف» سۈرىسى[46-سۈرە]، 15-ئايەت) دەپ، ئانىلارنىڭ مۇشەققەتلىك ئەجرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بالا ئانىنىڭ جىسمىدىن ئايرىلىپ چىققان تېنىنىڭ پارچىسى، يۈرەك پارىسى. بالىنى سۆيۈش، بالىغا كۆيۈنۈش، ئۇنى ئاسراشتەك چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتنى ئاللاھ تائالا ئانىلار قەلبىگە سالغان. شۇڭا ئانىلار بالىغا بەكلا كۆيىدۇ. ھېچقانداق كۈچ ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئانىلار بالا ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز، ئۈن-تىنسىز جاپالىق ئىشلەپ، كۆيۈپ پىشىپ ئۆزىدە بارىنى بېغىشلايدۇ، پەرزەنتىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتلىك بولۇشى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى بىلەن قەدىرلىك. ئاياللارنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى زور بولغاچقا تېخىمۇ قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك.

لېكىن بىزنىڭ بەزى نادان، قالاق قېرىنداشلىرىمىز ھەمىشە ئاياللىرىنى كەمسىتىدۇ. ئاياللارنى خورلايدۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدۇ. قەبىھ تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ، ئېشەكتەك دۇمبالايدۇ. ئاياللارنى ئويۇنچۇق قاتارىدا بىلىپ بۈگۈنى ئېلىپ نەچچە كۈندىن كېيىن تاشلايدۇ. ئۆزىنىڭ قەدىناس جۈپتىنى ئۆيگە بەنت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئاشنىدارچىلىقتىن كۆڭۈل ئاچىدۇ. ھايۋان چېغىدا ئۇرغاچىلىرىنىڭ پەسلى يېتىپ كۈيلىمىسە چاپمايدۇ. بىزنىڭ بەزى ئەرلىرىمىز ھاۋايى ھەۋەستە ھايۋاندىن ئېشىپ، بالاغەتكە يەتمىگەن سەبىيلەرگىمۇ نىجىس قولىنى سېلىپ نابۇت قىلىدۇ. مۇنداقلار "بالا دېگەن بەلدە، خوتۇن دېگەن يولدا" دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاياللارنىڭ ئازاب چېكىشى، بالىلارنىڭ يېتىم قېلىشىنى ھېچ ئەرزىمەس ئىش دەپ سانايدۇ. بۇلار ئۈچۈن ھايات يەپ-ئىچىش ئويناپ-كۈلۈش پۇرسىتى ھېسابلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىككى پۇتلۇق ھايۋان ئورنىغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار ئائىلىگە كۆيۈنۈپ، ئايالىنى ئاسرىسىمۇ، بالىلارنىڭ تەربىيىسىگە، ئوقۇشىغا، يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئوقۇشىغا سەل قارايدۇ. بولۇپمۇ قىزلىرىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇشىغا ئانچە يول قويمايدۇ. "قىز بالا دېگەن ئۆي ئادىمى، يۇقىرىلاپ ئوقۇتۇپ نېمە كەپتۇ" دەپ ئۆزىنىڭ جان-جىگەر بالىسىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدۇ. دەل موشۇنداق قالاقلىق، قاششاقلىق بولغاچقا بىزدە نادانلار كۆپ، نادانلىق ھەممە يامانلىقنىڭ ئانىسى. بىلىپ-بىلمەي كۇفرى سۆزلەش، گۇناھ ئۆتكۈزۈش، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈشتەك قەبىھ ئىشلار نادانلىقتىن بولىدۇ. نادانلىق — ئىپلاسلىق، نادانلىق — ئەڭ چوڭ ئاپەت. نادانلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ قەد كۆتۈرەلمەيمىز، نادانلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ دەۋر تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەيمىز. شۇڭا بالىلىرىمىزنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا، بولۇپمۇ قىزلىرىمىزنىڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئېلىشىغا بارىمىزنى تەسەددۇق قىلىشىمىز كېرەك.

ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئۇلۇغلايدىغان، دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئاياللارغا تەڭ-باراۋەرلىك ھوقۇقى بەرگەن دىن. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىي كىتابى، شەرئى دەستۇر «قۇرئان كەرىم»دە ئاياللارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئالتە سۈرە بار. ئاياللارنىڭ رولى، ئورنى، ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەتلەر نازىل بولغان. "**ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت**

**ئىلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار"** («رۇم» سۈرىسى[30-سۈرە]، 21-ئايەت)؛ **"ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار (ئاللاھ سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر"** («نىسا» سۈرىسى[4-سۈرە]، 128-ئايەت)، **"ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر"** («نىسا» سۈرىسى[4-سۈرە]، 34-ئايەت)؛ **"مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن. سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن"** («ئال ئىمران» سۈرىسى[3-سۈرە]، 195-ئايەت). بىزنى ھەقىقەت يولىغا يېتەكلىگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئىلىمگە دەۋەت قىلغۇچى، دىلىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ، يولىمىزنى يورۇتقۇچى پەيغەمبىرىمىز ئاياللارنى ئاسراپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ئۇ ئاياللىرىغا ئادىل مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارغا قىزغىن ياردەمدە بولاتتى. كىيىملىرىنى ئۆزى يۇيۇپ، ئۆزى يامايتتى. ئۆچكە، قوي ساغاتتى. ئاياللىرىنى ھەرگىز ھاقارەتلەپ، سەتلەپ، مەسخىرە قىلىپ، بوزەك قىلىپ ئۇرمايتتى. پەيغەمبىرىمىز: **"مۆمىنلەر ئىچىدىكى ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى گۈزەل خۇلقلىق بولغىنىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغان ئادەمدۇر. ئايالىغا ھەممىدىن ياخشى مۇئامىلە قىلغان ئادەم مەن بولىمەن"**. (ماججە رىۋايىتى) "بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: 'ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ئەڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟' دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: **'ئاناڭ'** دېدى. ئۇ ئادەم: 'ئاندىن قالسىچۇ؟' دەپ يەنە سورىدى. رەسۇلۇللاھ: **'ئاناڭ'** دېدى. ئۇ ئادەم: 'ئاندىن قالسىچۇ' دەپ يەنە سورىدى. رەسۇلۇللاھ: **'ئاناڭ'** دېدى. ئۇ ئادەم: 'ئاندىن قالسىچۇ؟' دەپ يەنە سورىدى. رەسۇلۇللاھ: **'ئاندىن قالسا ئاتاڭ'**-دېدى". (بۇخارى رىۋايىتى) **"جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا"** (ئەھمەد رىۋايىتى) دەپ كۆپتىن كۆپ ۋەز-نەسىھەت قىلغانىدى. ئاياللارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش پەيغەمبەر سۈننىتى.

بالا ئائىلىنىڭ زىننىتى، ئائىلە گۈلىستانىنىڭ گۈلى، ئاتا-ئانىنىڭ كۆڭۈل شادلىقى، قەلب ھوزۇرى، ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى. بالىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇپ ياراملىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئاللاھ بىزگە تاپشۇرغان ئەڭ مۇشەققەتلىك، شەرەپلىك، مۇقەددەس ۋەزىپە؛ بالىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ئاتا-ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى، قەرزى ھەم پەرزى. ئائىلە بالىلارنىڭ ئىپتىدائىي مەكتىپى، ئانىلار بالىلارنىڭ تۇنجى مۇئەللىمى، مۇئەللىم قانداق بولسا شاگىرتى شۇنداق بولىدۇ. ئانىلار تىرىشىپ- تىرمىشىپ بالا تەربىيىلەش سەنئىتىنى ئىگەللىشى كېرەك. مېنىڭچە ئانىلار تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ئورۇنلىسا ياخشى ئانا، ياخشى تەربىيىچى بولالايدۇ.

1. ئانىلار ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشى كېرەك. ئەخلاق—ئىنسان زىننىتى. ئەخلاق بىلەن ئادەمنىڭ قەلبى گۈزەل بولىدۇ، ھەقىقىي گۈزەللىك قەلب گۈزەللىكىدە بولىدۇ. قەلبى گۈزەل، خۇيى گۈزەلنى ھەممە ئادەم سۆيىدۇ. پەيغەمبىرىمىز: **"ئاراڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلاردۇر"** (بۇخارى رىۋايىتى) دېگەنىدى.

2. بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولۇش كېرەك." **ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ"** («مۇجادەلە» سۈرىسى[58-سۈرە]، 11-ئايەت) دېگەن ئايەت كەرىملەر بار. ئىلىم ئۆگىنىش ئەر-ئاياللار ئۈچۈن پەرز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم توغرىسىدا ئىنتايىن پايدىلىق نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قالدۇرغان: **"كىمكى ئاللاھ يولىدا ئىلىمنى گۈللەندۈرۈپ ئادەم تەربىيىلەشتە بىر يارماق ئىشلەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ساراي ئاتا قىلىدۇ"**. ئىلىم ئىنساننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى. ھەر قانداق قەۋم، ھەر كىم بىلىم بىلەن قوراللانسا تەرەققىي قىلىدۇ، قۇدرەت تاپىدۇ؛ "بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى" (خەلق ماقالى)، بىلىم بۇ دۇنيالىق بەختنىڭ ئاچقۇچى، ئادەمنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى، ھۆرمەت- زىننىتىدۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئەتىۋار، ئەڭ ساۋابلىق، پايدىسى باقىي ئىشتۇر. كىم بىلىملىك بولسا

شۇ ئۇ دۇنيا ھەم بۇ دۇنيادا يۈزى يورۇق، يولى ئوچۇق كىشىدۇر.

3. ئەمگەكچان، تىرىشچان ئىقتىسادچان بولۇش كېرەك. ئىنسان ھاياتى ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر. كۈرەش ئۈچۈن قورال كېرەك. بۇ قورال بىلىم، ھۈنەردىن ئىبارەتتۇر. بىلىم، ھۈنەر ئىش-ئەمگەكتىن كېلىدۇ. ئەمگەك قىممەت ۋە بايلىق يارىتىدۇ. ”ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر، يامغۇر بىلەن يەر“(خەلق ماقالى). كىم تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولسا شۇ خاتىرجەم، باياشات ياشايدۇ. رەسۇلۇللاھ: ”**ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم كەمبەغەللىشىپ قالمايدۇ**“ (ئەھمەد رىۋايىتى) دېگەنىدى.

4. ھايالىق، ئىپپەتلىك بولۇش، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش لازىم. ھايا ئىمان جۈملىسىدىندۇر. ھايا ئاياللارنىڭ زىننىتى، ئىپپەت قىزلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك گەۋھىرى. كەمتەرلىك ئالغا بېسىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، كەمتەرلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلىتى. ئېھتىياتچان بولسىڭىز ئامان بولىسىز.

5. ۋاپادار، كۆيۈمچان، راستچىل بولۇش كېرەك. ئەر-ئاياللار بىر-بىرىگە ۋاپادار، كۆيۈمچان، سەممىي بولۇشى، راست سۆزلىشى لازىم. ۋاپادارلىق مۇھەببەت رىشتىسىنى چىڭىتىدۇ. راستچىل بولسىڭىز، ئىشەنچلىك، ئابرويلۇق بولىسىز.

6.ساغلام بەدەن، تازىلىققا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇش كېرەك. ساغلاملىق ھەر قانداق ئىشنىڭ ياخشى ئورۇنلىنىشىنىڭ ماددىي كاپالىتى. تازىلىق ساغلاملىقنىڭ ئاساسى. ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، بەدەننى، كىيىم-كېچەكنى، ئۆينى، قورۇ-جاينى پاكىز تۇتۇش كېرەك. بالىلارنى كىچىكىدىنلا پاكىز باقسىڭىز ئۇلار ساغلام، ئەقىللىق، زېرەك، تېتىك چوڭ بولىدۇ. تازىلىق ئىماننىڭ يېرىمى، ئاللاھ تائالا پاك، پاكىز نەرسىنى ياخشى كۆرىدۇ.

7. ئۈلگە بولۇش كېرەك. ئۈلگىنىڭ بالىلار تەربىيىسىدە رولى چوڭ. ئانا بولغۇچى ھەر بىر سۆز ھەرىكىتىدە بالىغا ئۈلگە بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بالىلارنىڭ دوراش خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردىن دوراپ ئۆگىنىدۇ. بالىلارغا ياخشى سۆز، ياخشى ئىش، ياخشى خۇلق بىلەن ئۈلگە كۆرسەتكەن ئەلا، ئۇ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا ئەمەسمۇ.

8.بالا تەربىيىلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بالىنى ياخشى تەربىيىلەش ئانىنىڭ يۈرەك ئارزۇسى. ئانىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بالىنى ياخشى تەربىيىلەش؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى مېتود، ياخشى ئۇسۇل، تەدبىر قوللىنىش لازىم. ”ئەتىگەن تۇرۇپ بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق“ دېگەن گەپ بار. بالىنى ھەمىشە كۆزىتىپ ئۇنىڭ پسىخىك ھالىتى، مىجەز خۇلقى، غايىسى، ئىنتىلىشى، ھەۋىسى، بىلىمى، ئىقتىدارىنى ھەمىشە ئىگىلەپ، بالىدا ئالاھىدىلىك ئارتۇقچىلىق بولسا شۇ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلىشىغا رىغبەت بېرىپ، كەمچىلىكىنى، ئەستايىدىل، ئىنچىكە تەربىيە بېرىپ تۈزىتىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھەمىشە ئىلھام مەدەت بېرىپ، ئىجابىي يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ قوپال، ئاددىي ئۇسۇلدا ئۇرۇش، تىللاشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ.

9. ئۆگىنىشكە قادىر بولۇش كېرەك. بىلىم بىزنىڭ ھايات يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان مەشئەل. بىلىم ئۆگىنىشتىن، ئەقىل ئىزدىنىشتىن، تالانت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ. ھەر كىم ئىلىم تەشناسى، كىتاب ئاشناسى بولسا ئىلىم كەۋسىرىدىن تامچىغا قانمايدۇ. شىجائەت بىلەن كەۋسەر دېڭىزىغا سەكرەيدۇ. ئىلىم ئىزلەپ تەر تۆكۈش دۇنيا ئىزدەپ ياش تۆككەندىن مىڭ ئەلا. ئىنسان ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىش ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ كۆڭۈللۈك ئەقلىي ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ئىشىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇش ئىستىكى بولىدۇ. ئارزۇغا گۈزەل خىيال بىلەن يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىم بىلىمگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ زېرىكمەي ئىزدىنىشى، توغرا، ئىلمىي ئۇسۇلدا مەڭگۈ توختىماي ئۆگىنىشى لازىم.

10. ئائىلە تەربىيىسى مەكتەپ تەربىيىسىگە ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىشى كېرەك. بالا تەربىيىسىگە ئائىلىدە ئاساس سېلىنىدۇ، مەكتەپ ئۇ تەربىيىنى ئۆستۈرىدۇ. مەكتەپ ئادەم تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان زاۋۇت، مۇئەللىم شۇ زاۋۇتنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى. ئۇلار بالىلارنى تەلىم-تەربىيە يۆنىلىشى، قانۇنىيىتى بويىچە نىشانلىق، پىلانلىق سىستېمىلىق تەربىيىلەيدۇ، ئائىلە تەربىيىسى ھەمىشە مەكتەپ تەربىيىسىگە ماسلاشقاندا ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىلارنى تەربىيىلەشكە دائىر

ماتېرىياللارنى، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. تەبىئەت، جەمئىيەت يېزىقسىز مەكتەپ. بىز باللارنى تەبىئەت بىلەن كۆپ ئۇچراشتۇرۇپ ئۇلارغا تەبىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشىمىز، ئۇلارنى جەمئىيەتكە كۆپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىشىمىز كېرەك. بالا مەكتەپتىن قايتقاندا ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ۋاقتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، دەم ئېلىش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، كىتاب ئوقۇش، تېلېۋىزور كۆرۈش، تىل ئۆگىنىش قاتارلىقلاردىن باشقا، شارائىت يار بەرسە ئۇلارنى كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك ، شۇنداقلا ئۇلارغا دائىم كۆز-قۇلاق بولۇپ، ياخشى روھىي مەدەت بېرىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

ھۆرمەتلىك خانىم قىزلار، سۆيۈملۈك ئانىلار! ئاللاھ تائالا بىزگە: "**ئاللاھ سىلەرگە ئۆگەتتى(يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلمنى بېرىدۇ)**" («بەقەرە» سۈرىسى[2-سۈرە]، 282-ئايەت) دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئىلىم-مەرىپەتنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. ئۇ: "**ھەر كىم پەخىرلىنىشكە توغرا كەلسە پەقەت ئىلمى بىلەنلا پەخىرلىنىش كېرەك**" دەيتتى. «قۇرئان كەرىم»دە ئىلىم سۆزى 721 ئورۇندا تەكىتلەنگەن. ئىنسان بىلىم-مەرىپەتلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئىقتىدار-قابىلىيەتلىك بولغاندىلا ھەقىقىي بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، باي-ئاۋاتلىقى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. ھەر قانداق مىللەتنىڭ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئالىملىرى كۆپ بولسا دۇنياغا تونۇلىدۇ، قەد كۆتىرىپ راۋاج تاپالايدۇ. چۈنكى دۇنيانى تونۇش، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتە ھەر قانداق ئەل ئۆزىنىڭ ئالىملىرى، ئىنژېنىرلىرىغا تايىنىدۇ. ئەگەر بىز مەنىلىك، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز چوقۇم باللىرىمىزنى، ئۇلارنىڭ كېلىچەك ئىستىقبالىنى ئويلىشىمىز، باللىرىمىزنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، غايىلىك، ئىرادىلىك، مەدەنىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا بەل باغلىشىمىز، ئۆزىمىزگە ئىشىنىپ ئۈمىدۋار بولۇپ قەتئىي ئىرادە بىلەن نادانلىق، خۇراپاتلىق، ئەخلاقسىزلىق، ھورۇنلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ئىلىم-پەن بۇ دۇنيانى ئەقىل-ئىدراك بىلەن تونۇپ ھەقىقەتنى تاپىدۇ. ئىسلام دىنى ئاللاھقا، «قۇرئان كەرىم»گە ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق شەرىئەتنى تاپىدۇ. دىن پەننى رەت قىلمايدۇ، بۇ ئىككىسىنى ئۇبدان بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر: "**ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغان، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان كىشىلەردۇر**" دېگەنىدى. ئىسلام دىنى بىزگە ئىلاھىيەت، شەرىئەت، خەيرىيەت، ھىدايەت يوللىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە يەنە تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇشنىمۇ تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇڭا بىز پەندىن ھەم دىندىن تولۇق خەۋەردار ئىككى بىسلىق، كۆپ قىرلىق، قابىلىيەتلىك بولۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. بىر ئادەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، بىر مىللەتنىڭ قەدىر-قىممىتى ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىغا قاراپ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلىشىدە. ئۇلۇغ ئەجداتلىرىمىز ئىلىم-پەن كۆكىدە خۇددى كۈندەك، ئايدەك نۇر چېچىپ ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر-سەنئەت، پەن-تېخنىكا ساھەلىرىدە قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. بىز ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەۋەررۈكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى چىن قەلبىمىزدىن قەدىرلەپ، ۋۇجۇدىمىزدا ئۆركەشلەۋاتقان ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتنى سۆيۈشتەك قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى، مىللەتنىڭ ئۈمىد چېچىكى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئىگىسى بولغان ئەۋلادلارغا كۈچلۈك مەسئۇلىيەت، ۋىجدانىي مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىدا بولۇپ، ئۇلارغا بەختلىك، گۈزەل كېلىچەك، پارلاق ئىستىقبال يارىتىپ، ئائىلىق ۋەزىپىمىزنى ياخشى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. نۇرلۇق ئەتىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ ئەۋلادلارنىڭ بەختىنى ئويلاپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت يولى ئېچىپ بېرەيلى. چىن ئەقىدە، قەتئىي ئىرادە بىلەن غەيرەت كەمىرىنى باغلاپ، جاسارەت دولدۇلىغا مىنىپ، مۇۋاپىيەقىيەت مەنزىلىگە ئات چاپالىغانلار ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسى، ئېلېكترون، ئۇچۇر، رىقابەت سەلدەك يامرىغان يېڭى ئەسىردە ئىجتىھات بىلەن چىشىنى چىشلەپ، بەلنى چىڭ باغلىغان مەرتلەر ئۇتۇپ چىقىدۇ.

ئىزگۈ نىيەت، چىن ئەقىدە، قەتئىي نىيەت بىلەن بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيالىق ئۈچۈن كۆزلىگەن نىشانىمىزغا يېتىشكە ئاللاھ كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتورى: مورى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئانىلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا

ئابلىكىم ئابلىز

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنى بەرپا قىلغۇچى ئاللاھقا بولسۇن، دۇرۇت پاسىبانىمىز رەسۇل ئەكرەمگە بولسۇن، سالام پاك-دىيانەتلىك ياخشى كىشىلەرگە بولسۇن.

ئانا — يۈرەكتىن يۈرەك ئاجراتقۇچى، ئىنسانىيەت ئالەمىنى پەرۋىش قىلغۇچى، ئۆلۈم قالدۇرغان مۇدھىش بوشلۇقنى تولدۇرغۇچى ئۇلۇغ ئىنسان. ئانىغا كۆيۈنۈش، ئانىغا ۋاپادار، مېھرىبان بولۇش، ھەر بىر ئىمانلىق، ۋىجدانلىق ئىنسان بالىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"بىز ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ مۇشەققەت بىلەن تۇغدى، ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر"** («ئەھقاف» سۈرىسى[46-سۈرە]، 15-ئايەت). رەببىمىز يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى(قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى.(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر"** («لوقمان» سۈرىسى [31-سۈرە]، 14-ئايەت). شۇنداق! ئۇلۇغ ئاللاھ سېنى يارىتىشقا ئىرادە قىلغاندىن باشلاپ توققۇز ئاي، 10كۈن ئاناڭ سېنى ئۆزىنىڭ قورسىقىدا ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى، سېنى دەپ تويي-تۆكۈن، ھېيت-بايراملاردىن قالدى. ئاي-كۈنۈڭ يېقىنلىشىپ، پۇت-قولى ئېغىرلاشقانلىرىدا، تەرەت قىلغان، ئۇخلىغانلىرىدا ئازادە ئەسنىيەلمىدى، ئاش-تاماقتىن قالدى، كۆڭلى تارتقۇدەك نەرسىنى ئېتىپ يېيەلمىدى. تۇغۇشنىڭ غەم-قايغۇسىدا خۇشال كۈلۈپ باقمىدى. يالغۇزلۇق-غېرىبلىق ئىچىدە سېنىڭ ساق-سالامەت تۇغۇلۇپ بىر ۋاپادار ئىز باسار بولۇشۇڭنى تىلەپ ئاللاھقا سېغىنىپ ئىلتىجا قىلدى، يىغلىدى، ياش تۆكتى. تۇغۇلماق سائىتى يېتىپ ئاناڭنىڭ قورسىقى ئاغرىدى، دەھشەتلىك تولغاق ئازابىدا ئىڭرىدى، خۇددى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك، قورسىقى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك، قاتتىق ئاغرىق ئىچىدە ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى، تاقىتى تاق بولدى، چىداشقا ئامالى قالمىدى، ئاندىن "مەندىن رازى بولۇڭلار، مەندىن رازى بولۇڭلار" دەپ سېنى تۇغۇش ، سېنى ھاياتلىق روھىي خېتىگە ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئەمما جان چىققىنى يوق، تولغاق توختىغىنى يوق، ئاناڭ شۇ يېرىم كېچىدە دوختۇرخانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى، ئوكسىگىن بىلەن سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈلدى، ئاناڭنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە قالدى، ئېيتىپ باقە ئىنسان، بۇ ئاناڭغا نېمە كۈن، نېمە تارتقۇلۇق؟

ئۇلۇغ مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئاخىر يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتىڭ، كۆزۈڭدىكى نۇرنى كۆرۈپ ئاناڭنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، ساڭا ئانىلىق مېھرى بىلەن باقتى، نەچچە سائەتلەپ تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئۇنتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سەن ھاياتلار قەۋمىنىڭ بىر ئەزاسى بولدۇڭ. ئەمما بۇ چاغدا سەن تېخى بىر چاينام نان يېيەلمەيدىغان، مۈشۈك بوغۇپ قويسا ئۆلۈپ قالىدىغان، مىدىرلاپلا تۇرىدىغان بىر پارچە گۆش ئىدىڭ خالاس.

ئاناڭ سېنى ئىللىق قوينىغا ئالدى، ئاشۇ ماغدۇرسىزلىقىدا كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئاپئاق سۈتى بىلەن سېنى ئېمىتتى، سەن ئىككى يىلغىچە ئاناڭنىڭ يىلىكىنى شوراپ ياشىدىڭ. بۇ ئىككى يىلدا ئاناڭ تالاي كېچىلەرنى پوق-سۈيدۈكۈڭنى ئادالاش، ئىڭەلەپ يىغلىساڭ ئەمچەك سېلىش،، بۆشۈك تەۋرىتىش،قىزىتماڭ ئۆرلەپ قالسا بېشىڭدا قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

نىھايەت، سەن سۈت يېشىڭدىن چىقتىڭ، ئۆملەشنى،تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگەندىڭ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن جېنىڭنى جان ئېتەلەيتتىڭمۇ؟ ئاناڭ يەنىلا ناننى چايناپ يېگۈزمىسە، بۆلماق ئېتىپ بەرمىسە، كىيىمىڭنى

كىيگۈزۈپ قويمىسا بولمايدۇ، ئىسسىقتا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتەرمىكىن، سوغۇقتا سوغۇق ئۆتۈپ كېتەرمىكىن دەپ بىئارام بولسا، يولغا چىقساڭ ماشىنا بېسىۋالارمىكىن، سۇغا چۈشۈپ كېتەرمىكىن دەپ غەمخانە بولدى. پۇتۇڭغا بىر تال تىكەن كىرسە ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانچىلغاندەك بولدى، كۆزۈڭدىن بىر تامچە ياش چىقسا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

ئەمدى سەن ئۆسمۈرلۈك مەنزىلىگە قەدەم قويدۇڭ، ئاناڭ ھامانەم قورسىقىڭ ئاچسا تامىقىڭنى ئېتىش، كىيىمىڭ يىرتىلسا يامىقىنى ياماش، كىيىمىڭ كىرلاشسا يۇيۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. سەن توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىپ كەپسىز باللار بىلەن جېدەل قىلدىڭ. ئاناڭ سېنى دەپ باللار ئارىسىغا كىرىپ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلار بىلەنمۇ ياتلىشىپ كەتتى، بىر سەن ئۈچۈن، سېنىڭ مېھىر-ئوتۇڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. سەنمۇ بوي تارتىپ، بۇرۇتۇڭ خەت تارتىپ چوپچوڭلا ئادەم بولدۇڭ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئاناڭنىڭ ئىشى تۈگەپ قالمىدى، بەلكى بىر باش ئاغرىقى ئىككى بولدى. غەم-قايغۇسى تېخىمۇ كۆپەيدى. سەن بويۇڭ يەتمەيدىغان ئېگىز شاخلارغا ئېسىلىپ دۈم چۈشكەن چاغلىرىڭدا ئاناڭ سەن ئۈچۈن كۆزلىرىنى ئېگىز قورۇ-تاملارغا مۆلدۈرلەتتى؛ يات، دۆلەتمەن كىشىلەرگە تەلمۈردى. سەن ھەسرەتلىك تولغانساڭ، ئاناڭ ئازاپلىق ياش تۆكتى، چۈنكى، ھېچ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكى، سېنىڭ ئارمىنىڭ ئاناڭنىڭ ئارزۇسى، سېنىڭ بەختىڭ ئاناڭنىڭ خۇشاللىقى ئەمەسمۇ؟

ئەلھال بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ياشلىقىڭ ئارقاڭدا قالدى. سەنمۇ ئۆي-ئوچاقلىق، بالا-چاقىلىق بولدۇڭ. يىللارنىڭ بوران-چاپقۇن، يامغۇر-يېشىنلىرىدا قىرانلىق يېشىغا ئۇلاشتىڭ، ئەمدىلىكتە بىچارە ئاناڭ باللىرىڭنى بېقىشقا، ئايىغىنى قۇرۇغداشقا، تامىقىنى ئېتىپ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈشكە، ئۆيۈڭنىڭ ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلىدى؛ دەردىڭگە دەرمان، مېھرىڭگە پەرۋانە بولدى؛ قانچە كېچىلەرنى تاڭلارغا، قانچە تاڭلارنى كېچىلەرگە ئۇلاپ سېنىڭ ھەم باللىرىڭنىڭ غېمىدە سەكپارە بولدى، لېكىن قىلچە ۋايساپ باقمىدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چوڭ ئادەم بولدۇڭ، نى-نى ئاۋات شەھەرلەرنى زىيارەت قىلدىڭ، ھاياتنىڭ شېرىنلىكىنى، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى كۆردۈڭ، ھالبۇكى بىر نەرسىنى كۆرەلمىدىڭ. ئۇ بولسىمۇ، سېنى مىڭ بىر جاپا-مۇشەققەتلەر ئىچىدە بېقىپ چوڭ قىلىپ ئوقۇتۇپ قاتارغا قاتقان، ئادەملىك ئاتا قىلغان، مىننەتسىز مېھنەت سىڭدۈرگەن كۆيۈمچان ئاناڭنىڭ چولپان يۇلتۇزدەك كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ، تولۇن ئايدەك رەڭگى-رۇخسارىغا يول-يول قورۇقلارنىڭ چۈشكەنلىكى، چاچلىرىغا تەكشى قىرو قونۇپ، ئىلىپتەك قامىتىنىڭ يادەك ئېگىلىپ ۋاقىتسىز قېرىلىق يەتكەنلىكى ئىدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چوڭ بولدۇڭ، ھېس-تۇيغۇلارغا باي ئادەم بولۇپ يېتىلدىڭ، ئەمما بىر نەرسىنى ھېس قىلالمىدىڭ، ئۇ بولسىمۇ بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ھېچ بىر خۇۋلىقىنى كۆرمىگەن ئاناڭنىڭ ھايات كارۋىنىنىڭ ئەڭ ئاداقى بىر مەنزىلگە بېرىپ قالغانلىقى ھەم ساڭا ئاق سۈت بېرىپ باققان ئەجرى ئۈچۈن ئۇنى ھاپاشلاپ مۇرات-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈش بۇرچۇڭنىڭ تېخى ئاداسىز قالغانلىقى ئىدى.

مۇھتەرەم مۇسۇلمان دوستۇم. پىشقان قوغۇن سېپىدا تۇرمايدۇ. ئەتە نېمە ئىشلار بولىدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سەن يول تاپقان، پۇل تاپقان، ئەمدى خىزمىتىنى قىلاي دېگەن چېغىڭدا ئاناڭ بارسا كەلمەس سەپەرگە كېتىپ قالغان بولىدۇ. يىغلا-قاقشا، زارلىنىپ-خارلىنىپ مۆڭگۈلەن، پۇشايمان ئورنىغا كەلمەيدۇ."ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ".

قەدىرلىك مۇسۇلمان قېرىنداشىم! مەن نۇرغۇنلىغان سالىھ، پەرزكار كىشىلىرىمىزنىڭمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ "**جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا**" دېگەن بۈيۈك ھەدىسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئانىسىنى قاقشىتىپ، كۆزىنى ياشلىتىپ، ئۇنىڭ قارغىشىغا كېتىشىدىن، ئاندىن قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھقا بارغاندا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ جازالىنىپ، دوزاخنىڭ ئوت-ئاتەشلىرىگە ئامالسىز، ئىختىيارسىز يېقىلغۇ بولۇپ كېتىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن.

ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئۇرۇغ-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، ئاكا-ئىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا ئاناڭلارنى رەنجىتمەڭلار، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزماڭلار، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەڭلار، سۈت ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، ئۇلاردىن ھېچ نەرسەڭلارنى ئايىماڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەرگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ھەققەتەن تاغدىن ئېگىز، دېڭىزدىن چوڭقۇر دەپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋاقىرىغۇم كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممەيلەنگە ئىمان، ھىدايەت ئاتا قىلسۇن-ئامىن! (ئاپتور: خوتەن ناھىيىسىدىن)

# ئىسلام دىنىدىكى پەرزەنت تەربىيلەش توغرىسىدا

ئەخمەتجان ئابلىمىت

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، ھەممىمىزگە مەلۇم ئىنسانىيەت يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويدى. يېڭى ئەسىر قانداق ئاتا-ئانىلارغا مۇھتاج؟ قانداق قىلغاندا يېڭى ئەسىرگە لايىق ئاتا-ئانىلاردىن بولغىلى بولىدۇ؟ مانا بۇ ھەر بىر ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلە. مېنىڭچە، ھەر بىر ئاتا-ئانا ئىشنى ئاۋۋال ئۆزلىرىدىن باشلىشى لازىم. چۈنكى ھەر بىر ئاتا-ئانىدا يېڭى ئەسىرگە نىسبەتەن يېڭى كۆز قاراش، يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئىنتىلىش، يېڭى تەپەككۇر بولمىغاندا پەرزەنتلىرىنى يەنىلا ”ئاتام ئېيتقان بايىقى“ دېگەندەك كونا سەنەمگە دەسسىتىپ قويىدۇ. چۈنكى ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ دەسلەپكى ئۇستازى. بۈگۈنكى كۈندە مىللىتىمىز ئىچىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرىغا ھەر جەھەتتىن كۆيۈنۈشى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بەزىلەردە بۇ خىل روھ ئىنتايىن كەم.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەڭ پەرزەنتلەر ئىگە-چاقىسىز، تەربىيىسىز قېلىپ ئۇلار ھەر خىل يامان يوللارغا ماڭىدىغان، ئوقۇشقا قىزىقماي يۇلدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، مۇناپىق دەللاللىرىمىز تەرىپىدىن ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىلىپ يانچۇقچىلىقنى، ئاق چېكىشنى ئۆگىنىدىغان... قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرمۇ كۆپىيەمەكتە. مانا بۇ پۈتۈن خەلقنىڭ ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

ياش ئەۋلادلارغا ئىگە بولماسلىق، كۆيۈنمەسلىك، ئۇلارنى تەربىيلىمەسلىك ھەم يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرمەسلىك ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا مۇخالىپ. پەرزەنتلەرنى ئادەم قىلىش ھەقىقەتەن سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە بولغاچقا، ئىسلام دىنى بىز مۇسۇلمانلاردىن پەرزەنتلەرنى ئوبدان بېقىشنى ۋە تەربىيلەپ قاتارغا قېتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. پەرزەنتلەرگە ئاتا-ئانىلىق مېھرى ۋە بۈرچىنى يەتكۈزمەسلىك خەلقىمىزنىڭ ئېتىقادى، غۇرۇر-ۋىجدانى، ئىنسانپەرۋەرلىكى ئاساس قىلغان مىللىي ئەنئەنىلىرىگىمۇ ئەزەلدىن زىت كېلىدۇ، چۈنكى پەرزەنتلەرنىڭ ھاياتى، تەقدىرى بىلەن ئۇيىنىشىش ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى تۈگەشتۈرگەندىن باشقا، ئاتا-ئانىسىنىڭ نام-شەرىپىگىمۇ ئۆچمەس داغ چۈشۈرىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشقا ھەر بىر ئاتا-ئانا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيدۇ: **”ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار“** («تەھرىم» سۈرىسى [66-سۈرە]، 6-ئايەت). مانا بۇ ئايەتتە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئوچۇق قەيت قىلىنغان. پەرزەنتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئانىلار قولىغا تاپشۇرغان ئامانىتىدۇر، بۇ ئامانەتنىڭ ئاخىر ھېسابى بار.

پەرزەنتلەرنى تەربىيلەشتە ئاتا-ئانىلار تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم:

1) بالا تۇغۇلغاندا ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ياخشى ئىسىم قويۇشى لازىم.

2) بالىنىڭ تىلى چىققاندا بالىغا ئالدى بىلەن ئىمان كەلىمىلىرىنى ئۆگىتىشى لازىم.

3) بالىلارنى ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، چوڭلارنى كۆرگەندە سالام قىلىدىغان، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، پاكىزلىققا دىققەت قىلىدىغان، قېرىنداشلار ئارا ئىناق ئۆتىدىغان قىلىپ تەربىيلىشى لازىم.

4) بالا ئوقۇش يېشىغا توشقاندا ئۇنى مەكتەپكە بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە دىققەت قىلىشى ۋە ئىلھام بېرىشى، شارائىت يار بەرسە ئۇلارنىڭ دەرس تەييارلايدىغان ۋە ياتىدىغان ھۇجرىسىنى ئايرىم قىلىپ بېرىشى لازىم.

5) بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئىمان-ئېتىقادلىق، پەزىلەتلىك، بىلىملىك، يۈكسەك ئىرادىلىك، باتۇر، چىدامىلىق ئادەم بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشى، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشىغا ياردەمدە بولۇشى لازىم.

مانا بۇ ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسى، شۇنداقلا جەمئىيىتىمىزنىڭ تەلىپى.

(ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەردىن)

# قەبرە زىيارەت قىلىش ھەققىدە

ئىسمائىل ياقۇپ

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بىز مۇسۇلمانلارنى بارلىق نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئىسلام نېمىتىگە مۇشەررەپ قىلغان (يەنى مۇسۇلمان قىلغان) ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز. پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھدىن رەھمەت ۋە ئامانلىق تىلەيمىز.

ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسىي يولباشچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 23 يىل جەريانىدا دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى، ئېتىقاد، ئىبادەت، ئۆرپ-ئادەت، ئەدەپ-ئەخلاق، رەسىم-قائىدە، جۈملىدىن قەبرە زىيارەت قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق چوڭ-كىچىك ئىشلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، شۇڭا دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ.

قەبرە زىيارەت قىلىش مۇسۇلمانلارغا ھەر ۋاقىتتا سۈننەتى مۇستەھەببە (يەنى ياخشى سانالغان ئىش‍تۇر). قەبرە زىيارەت قىلغۇچى قەبرىستانغا بارغاندا ۋەز-نەسىھەت ئېلىپ تەپەككۇر قىلىشى، ھاياتلىقنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يېتىشى، ئۆلۈم ئالدىدا مال-دۇنيا، ھوقۇق-مەنسەپ ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ قىلچە پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى ئەسلەپ ھوشىنى تېپىشى، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىش مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، ياخشى ئەمەل ۋە ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشى لازىم. شۇڭا بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**مەن سىلەرنى (ئىلگىرى) قەبرە زىيارەت قىلىشتىن توسقانىدىم. قەبرىنى زىيارەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ**“.

## قەبرە زىيارەت قىلىشنىڭ ئەدەب قائىدىلىرى

1. قەبرە زىيارەت قىلىدىغان ئادەم قەبرىستانغا كىرگەندە مېيىتلەرگە سالام بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشى لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە بۇ دۇئانى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ”**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەھلەد دىيارى مىنەل مۇئمىنىنە ۋەل مۇسلىمىنە ۋە ئىننا ئىنشائەللاھۇ بىكۇم لاھىقۇنە، نەسئەلۇللاھۇ لەنا ۋەلەكۇمۇل ئاپىيەتە**“. (تەرجىمىسى: ئى مۆمىن مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئاھالىسى، سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن، خۇدا خالىسا بىزمۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ، سىلەر ئۈچۈنمۇ ئاللاھدىن ئامانلىق تىلەيمىز).

دېمەك، بىز مۇسۇلمانلار قەبرە زىيارەت قىلغاندا يۇقىرىدىكى دۇئانىڭ روھى بويىچە ئاخىر بىر كۈن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئەسلەپ ئۆزىمىزنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھدىن كەچۈرۈم سوراپ تەۋبە قىلىشىمىز ۋە ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز، ئۇستازلىرىمىز، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ئاللاھدىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ”**ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزغا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن**“. («ھەشىر» سۈرىسى[59-سۈرە]، 10-ئايەت). ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”**بىلگىنكى، ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ سىلەرنىڭ (بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكەتلىرىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ(شۇڭا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار)**“(«مۇھەممەد» سۈرىسى[47-سۈرە]، 19-ئايەت). بۇ ئايەتلەر ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلايدۇ.

2. قەبرىنى زىيارەت قىلغاندا مەخسۇس كۈن بەلگىلەپ چىقماسلىق كېرەك، نۇرغۇن كىشىلەر زۆرۈر ئىشلىرىنى، ھەتتا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشىنى تاشلاپ ئالاھىدە پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى قەبرە زىيارەت قىلىدۇيۇ، خىزمەتلىرىنىڭ تاشلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيدۇ. دېمەك، قەبرىنى ئىشتىن بىكار بولغاندا قايسى ۋاقىتتا زىيارەت قىلسا بولىۋېرىدۇ.

شەھىرىمىز سىرتىدىكى قەبرىستانلىقتا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى چىقىپ قالساق قەبرىستانلىقتا بىرمۇ ئادەمنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەگەر پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى سەھەردە چىقىپ قالساق، شەھەر ئىچىدىكى تىلەمچىلەرنىڭ قەبرىستانلىقتا چىقىۋېلىپ مەرھۇملارنىڭ روھىغا ئاتاپ سەدىقە بېرىشنى تىلەپ نالە-پەرياد قىلىپ ئادەمنى بىزار قىلىشلىرى، قەبرە زىيارەتچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللىگەن ھەم سەۋر-تاقىتى ئاز ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىمىزغا يات ھالدا قالايمىقان ۋاقىراپ يىغلاشلىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ، قەبرە زىيارەتچىلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن مازار خۇددى بازارغا ئايلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مېنىڭ قەبرەمنى ھېيتگاھ قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار، سىلەر قەيەردە دۇرۇت ئېيتساڭلار ماڭا يېتىدۇ"**. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن رەسۇلۇللاھقا قەيەردە دۇرۇت ئېيتساق يېتىدىغانلىقى، ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسىگە بارالمىغان شارائىتتا نەدە دۇئا قىلساق ئۇلارغا يېتىدىغانلىقى ۋە **"مېنىڭ قەبرەمنى ھېيتگاھ قىلىۋالماڭلار"** دېگەن سۆزدىن قەبرىنى كۈن بەلگىلەپ زىيارەت قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭا بىز قەبرە زىيارەت قىلغاندا مۇمكىنقەدەر باشقىلار بارمىغان كۈندە بېرىپ دۇئا قىلىشىمىز لازىم.

3. قەبرە زىيارەت قىلغاندا قەبرىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ مېڭىش، ئۇنىڭغا يۆلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدىن، ئۇنىڭ چوغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ (بەدەنلىرى) كۆيۈپ كەتكىنى ياخشىدۇر"**.

4- قەبرە زىيارەت قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار قەبرىگە باشلىرىنى قويۇپ ھەر خىل قوشاقلارنى قېتىپ يىغلايدۇ، بۇ ئىنتايىن قاملاشمىغان ئەھۋال. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئۆلگەن ئادەم قەبرىدە ئۇنىڭغا باشقىلار ئۇن سېلىپ يىغلىغانلىق سەۋەبلىك ئازاپ چېكىدۇ"**. بۇ ھەدىس مەيلى ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتتا بولسۇن ياكى قەبرىستانلىقتا بولسۇن، مېيىتكە يىغلاشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

5-ئاياللارنىڭ قەبرە زىيارەت قىلىشى جائىز ئەمەس. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرە زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى"** دېگەن. بۇ ھەدىس ئاياللارنىڭ سەۋر-تاقىتىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە چىدامسىزلىقىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلارنى قەبرىدىكى مېيىتلاردىن ياردەم سوراشتەك شېرىك ئېتىقادقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەبرە زىيارەت قىلىشى مەھرۇم قىلىنغان.

لېكىن ئۇلار چىدامىلىق، سەۋرچانلىق شەرتى بىلەن، كۆپ ياسانماستىن، ئۆزىنىڭ ئېرى ياكى بىر تۇغقانلىرى بىلەن قەبرىنى زىيارەت قىلسا، بۇمۇ ئۇ ئاياللار ئۈچۈن جائىزدۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى ئەبى مۇلەيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: **"ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر كۈنى قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كەلگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا: 'ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! قەيەردىن كەلدىڭ' دېدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: 'قېرىندىشىم ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرىنىڭ قەبرىسىدىن كەلدىم' دېدى. مەن ئۇنىڭغا: 'پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرە زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئەمەسمۇ؟' دېگەنىدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: 'شۇنداق، توسقانىدى، ئاندىن ئۇنى زىيارەت قىلىشقا بۇيرۇدى' دېدى"**.

6-ئاللاھتائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە بەيتۇللا (كەئبە)دىن باشقا ھەر قانچە ئۇلۇغ ئەۋلىيا ۋە ياخشىلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى چۆگىلەپ تاۋاپ قىلىش جائىز ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"قەدىمي بەيت (يەنى بەيتۇللا)نى تاۋاپ قىلسۇن"** («ھەج» سۈرىسى [22-سۈرە]، 29-ئايەت).

7- ئىراق جايىدىكى مەشھۇر خان غوجام، ئەۋلىيا پىرىم ۋە خان پادىشاھىملارنىڭ قەبرىلىرىنى ئالاھىدە سەپەرگە ئاتلىنىپ زىيارەت قىلىش توغرا ئەمەس.

چۈنكى بىز ئۇلارغا قەيەردە تۇرۇپ دۇئا قىلساق يېتىدىغۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " **ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتكە يۈك-تاقا چېگىپ بارماڭلار، ئۇلار: مەسچىت ھەرەم (كەئبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقەددەس مەسچىت)، بۇ مېنىڭ مەسچىتىم (مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى رەسۇلۇللاھ مەسچىتى) ۋە مەسچىدى ئەقسا (قۇددۇس شەرىپتىكى مۇقەددەس مەسچىت)لەردىن ئىبارەت**". بۇ ھەدىس ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە زىيارەت قىلىش ۋە تاۋاپ قىلىش نىيىتى بىلەن ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ، يىراق-يېقىن جايلارغا بېرىشنىڭ بىدئەت ۋە زەلالەت (ھەق يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىك) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

8- قەبرىدىكى ئۆلۈكلەردىن مەدەت ۋە ياردەم تەلەپ قىلىش (پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيا بولغان تەقدىردىمۇ) چوڭ مۇشرىكلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: " **ئاللاھنى قويۇپ ساڭا پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ چوقۇم ئۆزەڭگە زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن**"(«يۇنۇس» سۈرىسى[10-سۈرە]، 106-ئايەت)

دېمەك ئاللاھدىن باشقا، ئۆلۈكلەر ياكى خۇدا قىلىۋالغان بۇتلاردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلىگۈچىلەر بۇ دۇنيادا بولسا ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ئاخىرەتتە بولسا دەھشەتلىك ئازابقا قالىدۇ.

نۇرغۇن مۇسۇلمانلىرىمىز تەۋھىد بىلەن شېرىك ئېتىقادىنى ئايرىپ ئىبادەت قىلغان بولسىمۇ، ئاز ساندىكىلىرىمىز بۇ ئېتىقادنى ئايرىيالماي ھەتتا ھەر كۈندىكى بەش ۋاق نامازدا 32 قېتىم" (**رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**" («فاتىھە» سۈرىسى[1-سۈرە]، 5-ئايەت) دەپ ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ مەدەت ۋە ياردەملىرىنى قولىدىن كەلمەيدىغان كىشىلەرگە، ھەتتا مازار- ماشايىخلارغا (يەنى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قەبرىلىرىگە) قاراتماقتا. بىر قىسىم كىشىلەر ئىلىم تەلەپ قىلىش، قورغاقچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلىش ۋە ساقىيالمىغان كېسەللىرىگە شىپالىق تەلەپ قىلىشتەك ئىشلارنى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن ئىزلەيدۇ. كۇفرىلىققا ئېلىپ بارىدىغان بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەسىرىگە نادانلىق ۋاقتىمدا مەنمۇ ئۇچرىغان، بۇنىڭغا تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئاز ساندىكى نادان قېرىنداشلىرىمنى ئىقتىدارىمنىڭ يېتىشىچە ئاگاھلاندۇرىمەن. بۇ سۆزۈمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى مىسالنى كەلتۈرۈشنى لايىق تاپتىم:

بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى (1990-يىللار ئەتراپىدا) مەن كۆپىنچە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە خاڭدى يېزىسىنىڭ سۆگەت تاغ مەھەللە 3- كەنتىدىكى بوۋامنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغاندىم. شۇ چاغلاردا يېزىمىزغا يامغۇر، قار ياغمىغانلىق سەۋەبىدىن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەندى، شۇ ۋاقىتتا بۇ يېزا كىشىلىرىدە ئىسلام دىنىغا بولغان تونۇشىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىسلام ھەقىقىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئۈچ-تۆت ئالىملىرىمىزنىڭ ئىلغار پىكرىنى قوبۇل قىلماي، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توسۇشىغا پەرۋا قىلماي، ئىبادەت تۈسىنى ئالغان بىر خىل خاتا كۆز قاراش بىلەن 300گە يېقىن ئادەم ئاللاھ يولىدا خەير-ساخاۋەت، نەزىر قىلىپ قۇرغاقچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىقتىساد توپلاپ، ئۇنىڭغا ياغ، گۈرۈچ، بىر قوي ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ يامغۇر تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە تۆت-بەش ماتورلۇق قاتناش بىلەن، قەشقەر شەھىرى ئايرودروم يولىنى توغرا كېسىپ ئاقىدىغان ئاۋات ئۆستەڭنىڭ بېشى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە سۇلۇغ (سۇ ئۇلۇغ) يېزىدىكى ھېلىقى ئۆستەڭنىڭ تۈۋىدىكى"ئەۋلىيا" دەپ نام بېرىلگەن"بۇغزىمە خېنىم" دېگەن ئايالنىڭ قەبرىسى بار قەبرىستانلىققا كېلىپ توختىدۇق، ئاندىن قوينى ئۆستەڭ قىرغىقىدا بوغۇزلاپ ئۆستەڭ ئۈچۈن قان قىلدۇق، ئاندىن ھەممىمىز ئۆستەڭ بىلەن قەبرىستانلىق ئارىسىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە توپلۇشۇپ يىغا-زارە قىلىپ دەردىمىزنى تۆكتۇق، ئاندىن شۇ قەبرىستاندىكى مەرھۇملارنىڭ روھىغا ياغ پۇرىتىش ئۈچۈن قازان ئېسىپ، گۈرۈچ تامىقى ئېتىپ پىشۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ خەير-ئېھسان قىلغان نەزىر ئېشىمىزنى ئۆزىمىز يەپ قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ، بىر كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈپ كەلگىنىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. (ھازىر بۇ يېزىمىزدىكى خېلى كۆپ مۇسۇلمانلىرىمىز شۇ چاغدا قىلىپ قويغان بىدئەت، خۇراپىي ئىشلىرىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ.)

دېمەك بىز مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت ئاللاھ

تائالانىڭ سۆزىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئالىم-ئۇستازلىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تەييار تۇرۇپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەندە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن ئىككى رەكئەت سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى ئوقۇش ئارقىلىق سەۋر-تاقەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ مەدەت-ياردەم بېرىشىدىن ھەرگىزمۇ نائۈمىد بولماسلىق ۋە يۇقىرىقىدەك ئىقتىسادنى ۋەتەن، مىللەت، دىن ئۈچۈن، ھەتتا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەنىۋىي ساپاسىنى ئاشۇرۇۋاتقان ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئۈچۈن ئىشلەتسەك ھەر ھالدا ساپاسى يۇقىرى مىللەتكە ئايلانغان بولاتتۇق.

بىزنىڭ يۇقىرىقىدەك نادانلىق، خۇراپىيلىقتىن چىقىش يولىمىزنىڭ بىردىنبىر ئاساسى تەۋھىد (ئاللاھ تائالاغىلا ئېتىقاد قىلىش)دۇر. شۇڭا 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان، ئىلىم-پەن ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە پەن-تېخنىكا كۈندىن كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان مۇنداق پەيتتە، قەبرە زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئۆلۈكلەردىن مەدەت، ياردەم تەلەپ قىلىش، ئۇلارغا يالۋۇرۇپ يىغلاش، چوقۇنۇش يۈزىسىدىن قەبرىلەرنى قۇچاقلاپ، سىلاپ تاۋاب قىلىش بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تولىمۇ بىمەنىلىك ۋە ئىنتايىن ئەخمەقلىق. چۈنكى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا ھېچقانداق قۇدرەت ۋە ئىقتىدار قالمايدۇ، ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا قىلچە پايدا-زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇلار گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن، بىز ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ دۇئا قىلىشىمىزغا، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ساۋابىنى ئۇلارغا بېغىشلىشىمىزغا مۇھتاج.

پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن يەنە بىر قىسىم ئەر-ئاياللار قەبرىدىكى ئۆلۈكلەردىن پەرزەنت تەلەپ قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا: " بۇ ئىشىڭىز ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. مەدەت، ياردەم ۋە ھاجەتنى بىر ئاللاھدىن تىلەيمىز" دېسەك ئۇلار: "توغرا ، لېكىن بىز نىيىتىمىزدە ئاللاھقىلا ئېتىقاد قىلىمىز، ئەمما پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا ۋەزىر ياكى بىرەر ۋاستە ئارقىلىق كىرگىنىمىزگە ئوخشاش، ئاللاھنىڭ قەبرىدىكى يېقىن بەندىلىرى بولغان ئەۋلىيالارنى ئاللاھقا ۋاستە قىلىمىز" دەپ، ئادالەتپەرۋەر بولغان ئۇلۇغ ئاللاھنى ئادەتتىكى بەندىگە ئوخشىتىدۇ. بۇنداق خاتا كۆز قاراشقا قارىتا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپىتىنى پاكلاپ مۇنداق دېگەن: "**ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**"(«شۇرا» سۈرىسى[42-سۈرە]، 11-ئايەت). دېمەك، ئاللاھ تائالا ئاشكارا-يوشۇرۇن سۆز-ھەرىكەتلەرنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاستىگە مۇھتاج بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى مۇشرىكلار "ئاللاھ بىر، ئاللاھ ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى" دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. لېكىن ئۇلار كاتتا ئەۋلىيالىرىنىڭ ئوخشىشىدا بۇت ياساپ، ئۇ ھەيكەللەرنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە قىلىپ ئىبادەت قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مۇنداق ۋاستىسىگە رازى بولماي، ئۇلارنى كۇفرى قاتارىدا ھېسابلاپ مۇنداق دېگەن: "**ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: 'بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنىشىمىز پەقەت ئۇلارنى بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر' (دەيدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ**" («زۇمەر» سۈرىسى[39-سۈرە]، 3-ئايەت). ئاللاھ تائالا بىز بەندىلىرىگە داۋاملىق يېقىندۇر، سۆزىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، مەدەت، ياردەم ۋە دۇئادا ھەرگىز ۋاستىغا مۇھتاج ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: "**مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن**" («بەقەرە» سۈرىسى[2-سۈرە]، 186-ئايەت).

9- ياخشىلىق ئۈمىدى بىلەن پەيغەمبەرلەر ياكى ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسى يېنىدا مال بوغۇزلاش، ئەگەر نىيىتىدە ئاللاھ ئۈچۈن بوغۇزلايدىغان بولسىمۇ قەتئىي جايىز ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىش ئىلگىرىكى جاھالەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ ھەيكەللىرى ئالدىدا مال بوغۇزلىغانغا ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھنىڭ غەيرىيگە (مال) بوغۇزلىغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلدى"**. بۇ ھەدىس مازار-ماشايىخلارغا ياكى رەمچى، داخانلار ئۈچۈن بوغۇزلىغان مالنىڭ گەرچە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بوغۇزلانغان بولسىمۇ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

10- ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىلار ياكى ئۇرۇغ-تۇغقانلار ھەققىدە خەير-ساخاۋەت ۋە سەدىقە قىلىش ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىسى ھەققىدە نامرات تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلەرگە ياردەم قىلسا ياكى توي قىلالمىغان بويتاق ئەر-ئاياللارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويسا، مەكتەپ-مەسچىت سېلىپ قويسا ياكى يول-كۆۋرۈك ياساپ قويسا بۇنداق ياخشى ئىشلارنىڭ ساۋابى ئۇ ئادەمنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئۇزاق مۇددەت يېتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى مېيتلەرگە سەدىقە قىلىشقا توغرا كەلسە، سەدىقە جارىيە (كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت پايدىلىنالايدىغان سەدىقە)لەرگە بۆيرىلاتتى.

سەئد ئىبنى ئۇبا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، **"ئۇ: 'ئى رەسۇلۇللاھ! سەئدنىڭ ئانىسى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ھەققىدە قانداق سەدىقە قىلىنسا ئەۋزەل بولىدۇ؟' دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: 'سۇ' دېدى. ئاندىن سەئد بىر قۇدۇق كولاپ: 'بۇ قۇدۇق سەئدنىڭ ئانىسى ھەققىدە ۋەخپە بولسۇن' دېدى"**. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مېيتلەرگە ئەگەر راستىنلا نەزىر بەرمەكچى بولسا شۇ ئىقتىسادنى خەلقنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قۇدۇق كولاش، يۇرت-مەھەللىلەرنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاشقا ياكى بولمىسا، ئەرەب خەلقىنىڭ سۇغا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇدۇق كولاشقا بۇيرۇلغىنىدەك، بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېھتىياجى بولغان ئىلىم-پەن، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مائارىپقا ئىئانە قىلسا ياكى يېتىم-يېسىر، مېيىپ-ئاجىز، غېرىپ-غۇرۋالارغا بېرىلسە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز.

يۇقىرىقى ھەدىسنى رىئال تۇرمۇشقا تەدبىقلاپ چۈشەندۈرەلەيدىغان خېلى كۆپ ئالىم-ئۇستازلىرىمىز كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا ئالاھىدە ئۈلگە يارىتىپ بەرمەكتە. مەسىلەن كورلا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى مەرھۇم ئېلى قارىي ھاجىنىڭ پەرزەنتلىرى مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئاتىسىنىڭ يەتتە نەزىرىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىغان 5000 يۈەن پۇلنى ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپىغا ئىئانە قىلدى دەپ («جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىللىق 1-سانىنىڭ 6-بېتىدە) خەۋەر بېرىلگەنىدى. مەرھۇمنىڭ بۇ ۋەسىيەتلىك تۆھپىسىنىڭ خەۋىرىنى ئوقۇغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەكتە ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا تەشۋىق قىلماقتا.

يۇقىرىقىدەك خەيرلىك ئىشلارنى تۆۋەندىكى ھەدىس ئالاھىدە كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىنسان ئۆلۈپ كەتسە سەدىقە جارىيە، پايدىلىق ئىلىم ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرىدىن توختاپ قالىدۇ"**. بۇ ھەدىس ھەشەمەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان نەزىر-چىراغلار بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھېچقايسىسىغا كىرمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاللاھ تائالا بارلىق مۇسۇلمانلىرىمىزغا تەۋھىد بىلەن شېرىكنى، سۈننەت بىلەن بىدئەتنى، ھالال بىلەن ھارامنى، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
(1) مۇھەممەد سالىھ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى1986-يىل نەشرى.
(2) مۇھەممەد ئىبنى جەمىل زەينۇ، «رەسائىلۇتتە ۋە جىھانۇلئىسلام»، مەككە نەشرى(ئەرەبچە).
(3) «سۈنەنى ئىبنى ماجە» (ئەرەبچە)
(4)مۇھەممەد سالىھ،«قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1993-يىل نەشرى.
(5)«جامئى تىرمىزى» (ئەرەبچە)، 1-قىسىم.
(6)«سەھىھۇل مۇسلىم» (ئەرەبچە)،2-قىسىم.
(7) ئۇيغۇرچە«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# بۈۋى پاتىمەنىڭ تويلۇقى ۋە تۇرمۇشى

ئابدۇۋاھىد توختى (ۋاھىدى)

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

*(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى بۈۋى پاتىمە بالاغەتكە توشۇپ، ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردانغا جۈپتى ھالال ياتلىق بولۇشقا ھەقلىق، رازى-رىزا بولىدۇ. توپلۇق ئۈچۈن نېمە ئېلىش، توينى قايسى دەرىجىدە قىلىش مەسىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازەت بېرىشىگە تەقەززا بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە ئېغىر بولۇپ قالماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، توپلۇق ئۈچۈن ئۈچ جىڭ ئارپا ئۇنى، بەش جىڭ خورما، ئۈچ دانە خام (ماتا) بېرىپ، توي پاتىھەسىنى ئوقۇتۇپ، ئاددىي توي مۇراسىمىنى قىلىپ بېرىدۇ.

تويدىن كېيىن بىرنەچچە يىل جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن پاتىمە بىر كۈنى دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ھال-ئەھۋالىنى ئېيتىدۇ. "كەرەملىك دادا، مەن ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم تاغقا ئوتۇن تېرىشكە چىقىپ، ئوتۇن تېرىپ، ئۆيگە ئەكىلىپ ئاش ئېتىمەن، چاي قاينىتىمەن. مانا كۆرۈپ تۇرۇپىلا "پاتىمەنىڭ كۆينەكى، سەكسەن يەردە ياماقى" دېگەندەك، بەدەنلىرىم كۆرۈنۈپ قالدى. جاپالىق تۇرمۇش مېنى قىيناپ ھېچ ھالىمنى قويمىدى. سىلىدەك بىر كاتتا پەيغەمبەرنىڭ قىزى تۇرۇپ موشۇنداق جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگىنىم ئۈچۈن باشقىلار مېنى مازاق قىلىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتۇن تېرىپ كېلىش ۋە ئۆينىڭ ئېغىر ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە بىر ئەر خىزمەتكار بوۋاي ياللاپ بېرىشكە رۇخسەت قىلسىلا ئىكەن" دەيدۇ ۋە يىرتىق كۆينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ كۆز يېشى قىلىدۇ.

"قىزىم **بۈۋى پاتىمە**، - دەيدۇ رەسۇلۇللاھ مېھرىبانلىق بىلەن، **- تۇرمۇشىڭىز راست جاپالىق، بۇنى مەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بۇ جاپانى يېڭىشكە ئاللاھ مەدەت بېرىدۇ. جاپادىن قاچسىڭىز ھورۇن، تىرىكتاپ بولۇپ قالارسىز. ئاۋادا سىزگە مەن چاكار ياللاپ بەرسەم ئۈممەتلىرىم 'پەيغەمبەر بولغاچقا قىزىغا چاكار ياللاپ بەردى' دەيدۇ. شۇڭا چاكار بېرىشكە بولمايدۇ. ئۆزىڭىز غەيرەت قىلىپ جاپانى يېڭىڭ"**.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشۈپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئاستىغا كۆرپە سالغان ۋە قولىغا سۇ بەرگەن. ساھابىلار بۇنى كۆرۈپ: "سىلى پەيغەمبەر تۇرۇپ كۈيئوغلىنىڭ تېگىگە كۆرپە سېلىپ، قولىغا سۇ بەرگەنلىرى نېمىسى؟" دېيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: " شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. **ئۇ بىر تاغار پوقنى ئېرىغدىدى ئەمەسمۇ**" دېگەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پاتىمەنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. قارىسا ھويلا ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھويلىغا كىرىدۇ، قارىسا دالان ئۆينىڭ ئىشىكمۇ ئوچۇق، تىمتاس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرمەي پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ دېرىزىدىن قارىسا پاتىمە (ئەر-ئايال) ئىككىسى بويىنىغا گىرە سېلىشىپ ئۇخلاپ ياتقۇدەك. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ، يەنە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ قايتىپ كېتىۋېتىپ: **"بۇلارنىڭ ھال كۈنى جاپالىق بولغان بىلەن تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئىكەن**" دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇنداق ئۆلگە كۆرسىتىشى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس ئىدى. ئارىدىن 1400يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزدا توپلۇقنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىر مۇنچە يىگىتلەر توي قىلالماي قېرى يىگىتلەرگە، بىر مۇنچە قىزلار ئەرگە تەگمەي قېرى قىزلارغا ئايلىنىپ قالماقتا. تويى بولغان بىر مۇنچە يىگىت-قىزلار قەرزگە بوغۇلۇپ، قەرزنى تۆلىيەلمەي تويدىن كېيىن جېدەل تۈگىمەي، نىكاھتىن ئايرىلىپ، بالىلار يېتىم، ئائىلە ۋەيران بولماقتا. تويدا قىز يۆتكەش ئۈچۈن قەشقەردە ئالتە، ھەتتا باشقا بەزى جايلاردا 20-30 پىكاپنى كىراسىنى قىممەت سېتىۋېلىپ قىز يۆتكىمەكتە. 80-يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەر ۋىلكوم مائارىپ باشقارما باشلىقى ئېزىز خۇدابەردى قىزىنىڭ تويى بولغاندا ئۆزى باشلامچى بولۇپ، بىر نەچچە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بىلەن پىيادە مېڭىپ، قىزىنى مەھكىمىدىن گېزىتخانا قورۇسىغا يۆتكەپ بەرگەنىدى. ھازىر بۇ ئىشلار گويا بىر چۈش بولۇپ قالدى.

ھازىر بىر مۇنچە كىشىلەردە ئىمان (نىيەت)، ئىنساپ (دىيانەت) يوقالماقتا. نىكاھ تويى ۋە ئازراق ئاداۋەت تۈپەيلى شىرەم تۇغقانلار ۋە قۇدا باجىلار ئارازلىشىپ، يىللاپ گەپلەشمەي، بېرىش-كېلىش، كىرىش-چىقىش قىلماي ياتلىشىپ، ئاداۋەت ساقلاپ گۇناھى كەبىر سادىر قىلماقتا. بىز مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى شەخسىيەتچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، مەزھەپچىلىك، ئاچكۆزلۈك، رەھىمسىزلىك، ھىيلە-مىكىر، سۇيىقەستلىك، زومىگەرلىك، بەدنىيەتلىك، ۋىجدانسىزلىق ئىللەتلىرىگە كۆرە ئاللاھدىن ئىمان، ئىنساپ، دىيانەت، شەرمى-ھايا تىلەيمىز، ئامىن! (ئاپتور. قەشقەر شەھىرىدىن )

# ئەھلى ئىلىملەر ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەردىن قەتئىي ساقلىنايلى

ئابدۇرەھمان ئىسمائىل

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھەر خىل تەبىقىدىكى ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ شۇ تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئىلىم ئەھلىلىرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق ئالىملار ياشىغان دەۋرلەردە ئالىملارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ ساپاسى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدە تىكلىگەن ئوبرازىنىڭ يۈكسەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ھازىرقى دەۋردە ئىلىم ئەھلى سان جەھەتتىن خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللىسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا جەمئىيەتتىكى ئوبرازىمۇ تۆۋەن بولماقتا. ھازىر بىر سورۇندا موللا-ئالىملارنىڭ گەپ-سۆزى تىلغا ئېلىنسا كىشىلەر قەلبىدە ئۇلار توغرۇلۇق بۇ دۇنيادا پەقەت جان بېقىش يولىغا كىرىۋالغان، ھەقىقەتنى سۆزلەشكە توغرا كەلسە كىشىلەرنىڭ رايىغا بېقىپ ھەقىقەتنى بۇرمىلايدىغان، مۇقىم مەيدانى يوق، ئىقتىسادى جەھەتتە نامرات، تاماخور، چۈشكۈن بىر ئوبراز نامايان بولىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى.

ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرەلمەي تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىش، ئېغىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىش بەدىلىگە ئىجتىھات بىلەن ئىلىم ئىگىلەپ، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن، دىنىي خىزمەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاپ ئىنسانلارنى گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ھىدايەتنىڭ پارلاق نۇرىغا يېتەكلەشتە غەيرەت-شىجائەت بىلەن خالىس تۆھپە قوشۇۋاتقان كۆپلىگەن ئالىملىرىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز، لېكىن بۇنداقلارنىڭ سانى بارلىق ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئىچىدە تولىمۇ ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ”**ئېيتقىنكى بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟**“ («زۇمەر» سۈرىسى[39-سۈرە]، 9-ئايەت) دېمەك ئاللاھ تائالا بىلىدىغانلار (ئالىملار)نىڭ بىلمەيدىغانلاردىن دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. يۇقىرىقى ئايەتتىكى ”بىلىدىغانلار“ بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايدىغانلارنى ئەمەس، ئۆگەنگەن ئىلمىگە ئەمەل قىلىدىغان ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالىم، ئۆلىما دەپ ئاتالغان بەزىلەر باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشقا شۇنداق ئۇستا، لېكىن ئۆزى ئەمەل قىلمايدۇ ياكى تولۇق ئەمەل قىلمايدۇ، ھەتتا ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ. ”موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما“ دېگەن ماقال دەل شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇپ قالامسىلەر؟**“ («بەقەرە» سۈرىسى[2-سۈرە]، 44-ئايەت). ”**ئۆزەڭلار قىلمايدىغان ئىشنى نېمە ئۈچۈن سۆزلەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشلارنى سۆزلىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر**“ («سەپ» سۈرىسى[61-سۈرە]، 2-، 3-ئايەت).

جەمئىيىتىمىزنى كۆزىتىدىغان بولساق، ھازىر بىر قىسىم دىنىي زاتلىرىمىز «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋىي گۈزەل ئەخلاقىنى مەنسىتمەي، ئۆز ئائىلىدىن باشقا قىز-ئاياللارغا بىنورمال مۇئامىلىدە بولۇپ، ئىچ-پەش تارتىشىپ، بەزىدە ئاشكارىلىنىپ قېلىپ رەسۋا بولۇپ، ئۆز ئوبرازىغا داغ تەككۈزۈۋاتقانلىقتەك ئەھۋاللارنىمۇ يوق دېيەلمەيمىز. ئاز-تولا بىر نەرسە بىلگەنلەردىن

بەزىلەرنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولۇپ كەتسە، باشقىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟! ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈۋاتقان ئىللەتلەر يەنە:

1) ھە دېسە روھانىيلىقنىلا تەرغىب قىلىپ، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيالىق نورمال تۇرمۇشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش. ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن ئىبادەتلەر قۇرۇق نەزەرىيە ۋە شەكىلدىنلا ئىبارەت ئەمەس، ھاياتلىقتا قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قەتئىينەزەر، باشقىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزمەي، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئىش قىلغانلىقىمۇ ئىبادەت بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل-مال تېپىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغانلىقىمۇ ئىبادەت بولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەت ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ: (1) ئىبادەت مەنىۋىيە. بۇ دېگىنىمىز دىلى ۋە تىلى ئارقىلىق ئاللاھنى ياد قىلىش، ئۆز ئارا سالاملىشىش، باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش، ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولۇش، ئۆزىنىلا ئويلىماي كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئويلاش ھەم ئۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇش، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن ئۆزىنى چۈشەپ قويماي، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئۈچۈن چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىشتەك ئۇلۇغۋار غايە-پىلانىنى كۆڭلىگە پۈكۈش، قەلبى گۈزەل بولۇشتىن ئىبارەت. (2) ئىبادەت بەدەنىيە. بۇ دېگىنىمىز ئاللاھ كۆرسەتكەن بويىچە نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا بۇنىڭغا دەخلى-تەرۇز قىلغان دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچىنى بېغىشلاش (دىن دۈشمەنلىرىگە ھازىر قانۇنمۇ قارشى تۇرىدۇ)، جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ياردەم بېرىش، يەنى خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت. (3)ئىبادەت مالىيە. بۇ دېگىنىمىز ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بايلىقى ئارقىلىق نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا پۇل-مال سەرپ قىلىش، تېپىۋاتقان پۇل-مېلىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ ھالالدىن ياكى ھارامدىن ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) مۇتەئەسسىپلىك قىلىش. يەنى خەلققە پايدىلىق بولغان يېڭى تەرەققىياتلارنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش. بۇنىڭغا بىر ئەمەلىي مىسال كەلتۈرەي: مەن تاھارەت ئالغاندا ھەم ئەتىگەن-ئاخشامدا چىش چوتكىلاش ئۈچۈن بىر كىچىك چىش چوتكىسى سېتىۋالغانىدىم، بۇنى بىر دىنىي زات دوستۇم كۆرۈپ: رەسۇلۇللاھ چوتكا ئىشلەتمەي ياغاچتا مىسۋاك ئىشلەتكەن، سىلىمۇ شۇنداق قىلسىلا بولمامدۇ دەپ كايىدى. مەقسەت زادى ئېغىز ۋە چىشنى تازىلاش ئەمەسمۇ؟! رەسۇلۇللاھ ھازىر بولغان بولسا بەلكىم چوتكىنى ئىنكار قىلماس ئىدى. دىنىي زاتلىرىمىز موشۇنداق قاتمال، قالاق ئىدىيىدە كېتىۋېرىدىغان بولسا تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، جامائەتلىرىمىز يېڭى نادانلىق ۋە قاششاقلىققا پېتىپ قالىدۇ، خالاس.

3)تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك. ھازىر بىر قىسىم دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ كىيىنىشى تولىمۇ رەتسىز، كىيىمى كىرلىشىپ تەر پۇراپ كەتسىمۇ كىيىۋالىدۇ، تون-پەشمەتلىرىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمەي توزنىڭ قانىتىدەك يېيىۋالىدۇ، مەسە-كالىچى يىرتىلىپ كەتسىمۇ پۇتىدىن چۈشۈرمەي كالاپ-كۇلۇپ ئاۋاز چىقىرىپ ماڭىدۇ...بۇ ھالىمىزنى باشقا يۇرت-ئىقلىمدىكى مۇسۇلمانلار كۆرسە نېمىمۇ دەر؟ ئىبادەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى قەلب پاك بولۇشتىن باشقا بەدەن ۋە كىيىملەر پاكىز بولۇشى كېرەك، ناپاكلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل ئەمەس. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "**كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن**"(«مۇددەسسىر» سۈرىسى[74-سۈرە]، 4-ئايەت) دەپ، تاشقى قىياپىتىمىزنى پاكىز، گۈزەل تۇتۇشقا بۇيرۇغان. ئىسلام دىنى بىزنى قەلبى گۈزەل، بەدىنىدىن خۇشپۇراق كېلىپ تۇرىدىغان، كۆزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، كۆتىرەڭگۈ روھلۇق مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بارلىق مۇسۇلمانلارنى، جۈملىدىن ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئىللەت-نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، ئىمانىنى پاكلاشقا نېسىپ قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىسىدىن)

# ئىسلام دىنىغا يات بولىدىغان بىمەنە ئىشلار قاچان تۈگەر؟

خۇرشىدە قادىر

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى كەڭ بولۇپ، ھازىر دۇنيادىكى بىر مىليارت نەچچە يۈز مىليون ئىنسان بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلماقتا. ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن پەن-تېخنىكا ھەققىتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش، زىددىيەت ھاسىل قىلىدىغان دىن بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان دىندۇر.

ئىسلام ئەنئەنىۋى تىبابەتنى خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار، ئادەم ئالەمدىكى ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك مەخلۇق، ئۇ بىر جانلىق گەۋدىسى بولغان ماددىي ئادەم بولۇپلا قالماستىن ، يەنە جېنى ۋە روھى بار پەزىلەتلىك ئادەمدۇر، شۇڭا كېسەل داۋالاش ھەم داۋالىنىش ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىغان. شۇ دەۋرلەردە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى كەم، داۋالاش شارائىتى ناچار، تىببىي خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن بولسىمۇ، داۋالاش-داۋالىنىش ئىشلىرى ياخشى بولغانىكەن. ئەمما ھازىرچۇ؟ ھەممە نەرسە تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ھەم داۋالاش شارائىتى تولۇق بولغان موشۇ ئىلغار جەمئىيەتتە داۋالاش، داۋالىتىش ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

ئاغرىپ قالغاندا داۋالىتىش، داۋالىنىش، كېسەل يوقلاش، تەسەللىي بېرىش، ئائىلىدىكىلەر، ئۇرۇغ-تۇغقانلار، دوست-ئاغىنىلەر بېرىپ يوقلاش، كېسەلگە قۇربى يەتكىنىچە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم قىلىش بىز مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ئىدى. ئەمما بەزى كىشىلەر ئاغرىپ قالسا قەستەن جاھىللىق قىلىپ، داۋالىنىشنى ”ئاللاھنىڭ بەرگەن كېسىلىگە شۈكرى قىلماسلىق، ئاللاھقا قارشى تۇرغانلىق“ دەيدۇ، بۇ ئىسلام ئەقىدىسىگە يات بىر نادانلىق. دۇنيا يېڭى ئەسىرگە كىرگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ئۆسۈپ بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەللىشىۋاتقان، كىشىلەر تەرەققىيات رىقابىتىدە كۈرەش قىلىپ تەر ئاققۇزۇۋاتقان موشۇنداق جىددىي زامانلاردىمۇ ئۇلارنىڭ خۇددى فالۇن تەرىقەتچىلىرىگە ئوخشاشلا داۋالىنىشنى رەت قىلىشتەك دىن ۋە پەنگە يات بىدئەت، بىمەنە ئىشلارنى مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا سۆرەپ كىرىشى ئادەمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ ھەم ئېچىندۇرىدۇ.

ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ. ”**ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز)’بۇ ھالال، بۇ ھارام‘ دېمەڭلار. چۈنكى (مۇنداقتا)ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەققەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. (ئۇلار دۇنيادىن پەقەت) ئازغىنا بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**“(«نەھل»سۈرىسى[16-سۈرە]، 116-، 117-ئايەت).

ئىسلام دىنى دۇنياغا تارقالغاندىن بۇيان ئۆزىنىڭ بۈيۈك ھېكمەتلىرى بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دىلىنى قۇياش نۇرىدەك يورۇتۇپ كەلدى. ئەمما بىر قىسىم ناچار كىشىلەر ئاشۇ پارلاق نۇر ئاستىدىمۇ تەمتىرەپ ماڭالماي، ئۆزىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىشنىڭ ئورنىغا ، بىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلىرىنىمۇ يوقۇتۇپ ئۆزىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەكتە. مەسىلەن، قىممەتلىك ھاياتىنى ھەم ئالتۇندەك ياشلىق باھارىنى، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئائىلىدىن ئىبارەت بىر كىچىك دۇنياغا ئاتاپ، شۇ ئائىلىنىڭ بەختى، خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۇزاق يىل جاپا چېكىپ ئىشلىگەن ئاياللىرى ياكى ئەرلىرى ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا تەسادىپىي ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا، ئۇلارنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە داۋالىتىشتىن قورقىدىغان، كېسەلگە ھەمراھ بولۇشتىن ھەم تەسەللىي ئېيتىشتىن قاچىدىغان، ”كېسەل كۆرىيسى“ دەپ ھەتتا ئۇلاردىن بىزار بولىدىغان، يىرگىنىدىغان، ئەر-خوتۇن ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە. توۋا، موشۇمۇ بىر مۇسۇلمانغا خاس ئىشمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىل تارتقان جاپاسى بىلىنمەي، ئەكسىچە كېسەلنى داۋالاش پۇلى قورساق ئاغرىتامدىغاندۇ؟!

يەنە بەزىلەر كېسەل بولغاندا دوختۇرخانىغا بارماي، داخان-پىرىخونلارغا كۆرۈنۈپ، داۋالاش پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، ھەتتا ئۆز جېنىغا زامىن بولماقتا. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن. ”**ئاللاھ بىر كىمگە بىرەر كېسەلنى بەرگەنىكەن، داۋاسىنىمۇ بىللە قوشۇپ بېرىدۇ**“. (ئاخىرى 56-بەتتە)

(ئاخىرى 56-بەتتە)

# شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت

ما پىنيەن

مىلادىيە 622-يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنەدە ئىسلام دىنى تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت ـــ مەسچىدىي قۇببەنى سالدۇرغانىدى. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەسچىت مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇيدىغان ۋە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئايلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ئومۇمەن مۇسۇلمانلار ياشاپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان جايلارنىڭ ھەممىسىدە مەسچىتلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگىنىگە مىڭ يىلدىن ئاشتى، مەسچىتنىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولۇشى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى ئاساسىي جەھەتتىن بىر مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدا ئەڭ بالدۇر سېلىنغان مەسچىتكە مىڭ يىلدەك بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىت قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى بولۇپ، مىلادى 15-ئەسىردە سېلىنغان. روشەنكى، ھېيتگاھ جامەسى ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ مەسچىت ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەن چاغدىكى مەسچىت ھېسابلانمايدۇ، ئەلۋەتتە شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىتمۇ ھېسابلانمايدۇ. ئۇنداقتا، شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ بالدۇر سېلىنغان مەسچىت قايسى؟ ئۇنى كىم، قايسى ۋاقىتتا، قەيەرگە سالدۇرغان؟ بۇ مەسچىت چوقۇم ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغان شاھىت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەن شىنجاڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلغان چاغلىرىمدا بۇ مەسىلىگە بەك باش قاتۇرغانىدىم. بىر قانچە يىللار تىرىشىش ئارقىلىق تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ بۇ مەسىلىگە ئاخىر جاۋاب تاپتىم.

13-ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى قەشقەرىيە خان جەمەتى كۈتۈپخانىسىدىن تاپقان 11-ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئەرەب لۇغەتشۇناسىنىڭ ئەسىرى «سۇخھاھ»نىڭ قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن، پارسچە ئىزاھلىق لۇغەت ـــ «سۇرراھ لۇغىتى»نى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىدۇ. كېيىنكى بىر مەزگىلگە كەلگەندە قەشقەردىكى دىنىي ساھە زاتلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن «سۇرراھ لۇغىتى»نىڭ تولۇقلىمىسى»نى يېزىپ چىقىدۇ. «تولۇقلىما»نىڭ مەزمۇنىغا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بەزى خاندانلىقلارنىڭ تارىخىدىن پارچىلار، جايلاردىكى داڭلىق دىنىي داھىيلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، شۇنىڭدەك بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ يول، قورۇلۇش، ئۆرپ-ئادەت ۋە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ لۇغەتكە شىنجاڭدىكى تۇنجى مەسچىتنىڭ سېلىنىش جەريانىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قىزىقارلىق رىۋايەتمۇ سۆزلەنگەن.

9-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىككى كۈچلۈك ھاكىمىيەت باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىرى بۇددا ۋە مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاراخانىلار خانلىقى، يەنە بىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سامانىلار سۇلالىسى بولۇپ، دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ئىككى تەرەپ ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدا خەت-ئالاقىلەر ئۈزۈلمەي، ئالاقە خېلى قويۇق بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە سامانىيلار سۇلالىسى بارغانچە كۈچىيىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىغا جىھاد نامى بىلەن توختىماي جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە بارا-بارا يامانلىشىش كېلىپ چىقىدۇ. قاراخانىلار خانلىقىنىڭ 3-ئەۋلاد خانى ئوغۇلچاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەرگە كەلگەندە، ئوغۇلچاق سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن باردى-كەلدى ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ ھەمدە پەرمان چۈشۈرۈپ، قاراخانىلار خاندانلىقى تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنى، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. مىلادى 893-يىلى سامانىلار سۇلالىسى قاراخانىلار دۆلىتىگە يەنە بىر قېتىم جىھاد قىلىپ، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ 2-پايتەختى تالاس (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جامبۇل شەھىرى)نى بېسىۋالىدۇ؛ ئوغۇلچاقنىڭ خوتۇنى ۋە 15 مىڭ لەشكىرىنى ئەسىرگە چۈشۈرىدۇ ھەم بۇنىڭ ئىچىدىكى 10 مىڭ لەشكەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي سامانىلار پادىشاھلىقىدا ئىچكى ماجرا يۈز بېرىدۇ، بۇ ئىچكى ماجرادا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان شاھزادە ناسىر ئىبنى مەنسۇر (رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان ئەبۇ ناسىر سامانىنى كۆرسىتىدۇ) سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، قاراخانىلار خانلىقىغا قېچىپ بېرىپ سىياسىي پاناھلىق تىلەيدۇ. ئىسلام دىنىغا ئەزەلدىن ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كەلگەن ئوغۇلچاق سامانىلار پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى ماجراسىدىن پايدىلىنىپ بۇ كونا رەقىبىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، بۇ مۇسۇلمان شاھزادىنى كاتتا زىياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: "سىز بۇ يەرنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك

بىلىك، ئىنگىز سىزگە رەھىمسىزلىك قىلغان بولسا، مەن سىزگە دوستلارچە مۇئامىلە قىلىمەن» دەيدۇ. ئوغۇلچاق ئۇنى ئاتۇشنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئاتۇشنىڭ ئەمەلدارى بولغاندىن كېيىن، ئاتۇش ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى توپلىنىدىغان جايغا ئايلىنىدۇ، كارۋانلار بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەردىن بۇ يەرگە كۆندىلىك بويۇملار ۋە رەخت-گەزماللارنى توپ-توپى بىلەن ئەپكىلىپ توشقۇزىۋېتىدۇ. بۇ مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئاتۇشقا سودا بويۇملىرىنى ئەپكىلىپلا قالماي، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. شاھزادە ئەبۇ ناسىر ۋە مۇسۇلمان سودىگەرلەر ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئاتۇشقا بىر مەسچىت سېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئوغۇلچاققا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تاۋار-دۇردۇندىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەك، قۇمشېكەر قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغات سۈپىتىدە پات-پات ئەۋەتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۈچىنىڭ بارىچە خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ، شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئاخىر ئوغۇلچاقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ.شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئەبۇ ناسىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر مەسچىت سېلىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مەقسىتىدە ئوغۇلچاقتىن بىر پارچە كالا تېرىسى چوڭلۇقىدىكى يەرنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوغۇلچاق ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا .«ساڭا قايسى يەر لازىم بولسا شۇ يەرنى لازىم قىلىۋەر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئەبۇ ناسىر ئۆزىنىڭ «كالا تېرىسى پىلانى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ بىر كالىنى سويۇپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى ئىنچىكە تىلىپ بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئۇزۇن ئارغامچا ياسايدۇ ۋە بۇ ئارغامچا بىلەن ئاتۇشتىكى ياخشى بىر پارچە يەرنى تام سالغاندەك ئوراپ كۆرۈپ، شۇ جايغا بىر مەسچىت سالدۇرىدۇ. ئوغۇلچاق بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق شاھزادە ئەبۇ ناسىرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە غەيرىتىدىن ھەيران بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بۇ يەردە ئوغۇلچاق ۋە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. ئوغۇلچاقنىڭ جىيەن ئوغلى سۇتۇق بۇغراخان شاھزادە ئەبۇ ناسىرنىڭ نەسىھىتى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ ۋە ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قىلىپ، ئوغۇلچاقنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار خانلىقى مەملىكىتىمىز تارىخىدا تۇنجى يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيىتى بولۇپ قالىدۇ.

شاھزادە ئەبۇ ناسىر «كالا تېرىسى پىلانى»نى ئىشقا سېلىپ سالدۇرغان بۇ مەسچىت شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسچىت تاكى جامال قارشى ياشاۋاتقان دەۋرلەرگە كەلگەنگە قەدەر «ئاتۇش جامەسى» دەپ ئاتىلىپ، نامى تەرەپ-تەرەپلەرگە تارقالغانىدى.

(تەرجىمە قىلغۇچى: كېرەم ئابلىز)

(بېشى 54-بەتتە)

مەن بىر تىببىي خادىم بولغاچقا كېسەل ئازابىدا ياتقان نىمجان تەنلەرنى، نادانلىقنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان بىچارە كېسەللەرنى كۆرگەندە تولىمۇ ئېچىنىمەن، بۇ ئەھۋال نېمىشقا داۋاملىشىۋېرىدۇ؟ دەپ ئەلەم بىلەن ئويلىنىمەن. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سەبى غۇنچىلەرگە تەگكەن بىمەھەل ئۆششۈكتىن يۈرىكىم تېخىمۇ ئېچىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى ئەمەسمىدى!؟

جاھان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلارمۇ ئۆز ئەقلى-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ باشقا ئىنسانلار قاتارىدا قەد كۆتۈرۈشى كېرەك. موشۇنداق بىر تەرەققىيات دەۋرىدە ھەر بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆزى خالىغانچە پەتىۋا چىقارماي ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلىشى، ناتوغرا ئىشلارنى ئۆزگە ۋە باشقىلارغا يۈكلەپ بەزى نادان، ساددا مۇسۇلمانلىرىمىزنى ئېزىقتۇرۇپ، ئۇلارنى ماددىي ھەم مەنىۋىي زىيانغا، شۇنداقلا ھاياتنى خەۋپكە ئۇچراتماسلىقى لازىم.

ساغلاملىق بىباھا گۆھەردۇر شۇنداق،
بىباھا گۆھەرنى ئۇرمايلى تاشقا.
ئىسلامغا بىمەنە قارىنى سۈركەپ،
گۇناھنى تاغارلاپ ئارتمايلى باشقا.

سالامەت تەنلەرنىڭ قەدرىگە يېتىپ،
ھاياتنى گۈللىتىپ ئۆتەيلى بىزلەر.
ھاياتلىق قىممەتلىك ۋاقتىمۇ ھەم شۇ،
بولماڭلار نادانلار قۇربانى سىزلەر.

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن)

## ھاراقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ھېكايەت

دېھقانى

ھەق تائالا ھەممەيلەننى ھالالدىن ھۇزۇرلىنىشقا، ھارامدىن ھېيىقىشقا ھۆكۈملىدى. ھالال ھەم ھارام ھەققىدە ھېسابسىز ھەقىقەت ھېكمەتلەر ھېكايەتلەندى. ھاسىلكالام، ھەسەل ھەزىملەنسە ھەممىمىزنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ ھەرىكەتلىرىمىزگە ھەمكارلاشقاچقا ھالال ھېسابلاندى؛ ھاراق ھالال ھوسۇلنى ھىدلاندۇرۇپ ھازىرلانغاچقا ھەمدە ھۆجەيرىلىرىمىزنى ھوشسىزلاندۇرۇپ، ھاياتىمىزنى ھالاكەت ھاڭلىرىغا ھەيدىگەچكە ھارام ھېسابلاندى.

ھېلىقى ھەجەرنىڭ ھالال ھەمراھى ھەبىبۇللا ھۈنىرىدىن ھايات ھوزۇرىغا ھەسسىلەپ ھۆرلۈك، ھويلىسىغا ھۆسن ھەمدەملەيدىغان، ھەجەرنىڭ ھەم ھەمسايىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ھەقلىق ھەققىي ھۈنەرۋەن ھېسابلىناتتى. ھەيرانمەنكى، ھەبىبۇللا ھايالشمايلا ھاراققا ھەمدەملىنىپ، ھاراقكەشلەرگە ھامىيلاندى. ھامان ھاراقتىنلا ھوزۇرلىنىدىغان، ھارامدىن ھېيىقمايدىغان ھورۇن ھەزىلكەشلەر ھەبىبۇللاغا ھەمدەملىنىپ، ھاراقتىن ھوشسىزلىنىشتى. ھاراقكەشلەر ھەبىبۇللانىڭ ھويلىسىغا، ھوجرىسىغا، ھەجەرنىڭ ھۆسنىگە ھەۋەسلىنىشىپ ھاياسىز ھۇجۇملارغا ھازىرلىنىشتى. ھاراقتىن ھەپتە-ھەپتىلەپ ھوزۇرلىنىشلار ھەبىبۇللانى ھايۋاندەك ھۆكۈرەتتى، ھالسىراتتى. ھەبىبۇللا ھاراقتىن ھامان ھوشسىزلىنىۋەرگەچكە ھاياتى ھالاكەت ھاڭغا ھەيدىلىۋاتقاندا ھاياتلىق ھەمراھى ھەمشىرىلەر ھەبىبۇللانى ھاياتلىققا ھازىرلاشقا ھەرىكەتلەندى. ھەمدۇل ھاجىمۇ ھەبىبۇللاغا ھالال-ھارام ھەققىدىكى ھېكمەتلەرنى، ھالالنىڭ ھاياتلىققا، ھارامنىڭ ھالاكەتكە ھەمدەملىكىنى ھېكايەتلىدى. ھەبىبۇللا ھۆرمەتلىك ھەمدۇل ھاجىمنىڭ ھېكمەتلىك ھېكايەتلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ھوش-ھېسسىياتىغا ھەقلىق ھالدا ھۆكۈملىدى، ھەققىي ھۈنەرۋەنلىككە ھەم ھايالىق ھەمرىيى ھەجەرنىڭ ھالىغا ھەمدەملىنىشكە ھازىرلاندى.

ھەبىبۇللانىڭ ھاراق ھەققىدىكى ھېكايىسىدىن ھۆكۈملەيمىزكى:

ھالاللىق ھاياتلىققا ھەمراھ، ھاياتقا ھوزۇر،
ھارام — ھاياتقا ھەسرەت، ھاياتقا ھاڭدۇر.

(ئاپتور. خوتەن قارىقاش ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى. ئەنۋەر مۇھەممەد)

## كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىغا چېقىلماسلىق توغرىسىدا

نىزامىدىن قارى

ئىسلام دىنىمىز بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئاچكۆزلۈك، ئەپسانىيەتچىلىك، چىرىكلىشىشتەك رەزىل قىلمىشلارنى چەكلەپ كەلگەن. بۇ يامان ئىللەتلەر ھازىرقى جەمئىيەتتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، يامراپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇرغۇن تەييارتاپ ئادەملەر باركى، باشقىلارنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە قان-تەر بەدىلىگە كەلگەن پۇل-ماللىرىنى ھەر خىل رەزىل ئۇسۇللار بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دىكى: **"ئاللاھ (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار"** («ئەئراف» سۈرىسى[7-سۈرە]، 56-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلمىغان بۇزۇقلاردۇر. ئۇلار قىيامەتتە جەزمەن جازاغا تارتىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن پۇل-ماللار:

1) يېتىملارنىڭ پۇل-ماللىرى؛
2) ئوغرىلىغان پۇل-ماللار؛
3) ئايالىدىن زورلۇق بىلەن ئېلىپ قالغان تويلۇق كىيىم-كېچەكلەر؛
4) جازانىخورلۇق قىلىپ تاپقان پۇل-ماللار؛
5) كىشىلەردىن ئالدامچىلىق ۋە ساختىلىق بىلەن ئالغان پۇل-ماللار؛
6) سوتقا ئەرز قىلىپ ناھەق ئېرىشكەن پۇل-ماللار؛
7) قەرز ئېلىپ بەرمەي يېگەن پۇل-ماللار؛
8) ئامانەتكە خىيانەت قىلغان پۇللار؛
9) ئۆچرىغاندا ئىگىسىگە تونۇتماي ئېلىۋالغان پۇل-ماللار.
10) باشقىلارنى ئىشقا سېلىپ ھەققىنى بەرمەي ئېرىشكەن پۇل-مال؛
11) بۇلاڭچىلىق قىلىپ تاپقان پۇللار؛
12) يالغاندىن قەسەم قىلىپ ئېرىشكەن پۇل-ماللار.

## لىۋىيە ئىسلام دەئۋەت جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لىۋىيە ئىسلام دەئۋەت جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى دوكتور مۇھەممەد ئەھمەد شەرىف باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2001-يىلى7-ئاينىڭ31-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ ۋە تيەنجىن شەھەرلىرىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۇي جېنگۈي، مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇستاپا ياڭ جىبو مېھمانلارنىڭ جۇڭگودىكى زىيارىتىدە تولۇق ھەمراھ بولدى.

مېھمانلار جۇڭگودىكى زىيارىتىدە يۇقىرى ئىززەت-ئىكرامغا سازاۋەر بولدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىجېن، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چى شياۋفېي، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى. مېھمانلار بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىدىن مەمنۇن بولدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى قوللىنىۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. مېھمانلار يەنە لىۋىيە ئىسلام دەئۋەت جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەت ھەم بۇ ئارقىلىق ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ ئالغا قاراپ يۈكسىلىشى ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ لىۋىيە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودىكى دوستانە زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇپ 8-ئاينىڭ 5- كۈنى لىۋىيەگە قايتىپ كەتتى. (ئادىل ھاجى كېرەم)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى برۇناي دارۇسسالامدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىسلام مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى

2001-يىلى 8-ئاينىڭ 17-كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى برۇناي دارۇسسالامدا دوستانە زىيارەتتە بولدى ھەمدە شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق ئىسلام مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسىگە ئىشتىراك قىلدى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنى برۇناي دارۇسسالامنىڭ دۆلەت ۋەزىرى ئىشخانىسى قارمىقىدىكى مۇفتى ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ئۇ سودا-تىجارەت مەسلىھەت يىغىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئەرەب ئەللىرى ۋە ياۋروپا ، ئامېرىكىدىن كەلگەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ۋەكىللەر ۋە كارخانىچىلار بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە ئىشتىراك قىلدى . 8-ئاينىڭ 18-كۈنى برۇناي دارۇسسالامنىڭ دۆلەت مۇفتىسى ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، برۇناي دارۇسسالامنىڭ سۇلتانى بولقىيە ئېچىلىش مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن يېزىق-سۈرەتلىك كىتاب-ژۇرناللار ۋە ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمىگە قويۇپ، زىيارەت قىلغۇچىلارغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمى جەمئىيەت رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەننىڭ باشچىلىقىدا برۇناي دارۇسسالامدىكى دوستانە زىيارىتى ۋە كۆرگەزمە پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇپ سىنگاپوردا زىيارەتتە بولدى. سىنگاپور ئىسلام دەئۋەت جەمئىيىتى، ئىسلام مەركىزى ۋە سىنگاپور مۇسۇلمانلىرى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا كۈتۈۋالدى ھەمدە سەممىي دوستانە سۆھبەتتە بولدى. (ئادىل ھاجى كېرەم)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى كورىيەدە زىيارەتتە بولدى

كورىيە مۇسۇلمانلىرى تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ باشچىلىقىدىكى بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2001-يىلى 9-ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 13-

كۈنىگىچە كورىيەدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى كورىيەگە بولغان تۇنجى قېتىملىق زىيارىتى بولۇپ، كورىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى كورىيەدىكى زىيارىتىدە، كورىيە ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولدى. كورىيەدىكى مەسچىتلەر ۋە مۇسۇلمانلارنى زىيارەت قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە كورىيە ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى كورىيە، چەتئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۆتكۈزگەن ” جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى“ دېگەن تېمىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى، ئۆمەك باشلىقى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ تەكلىپكە بىنائەن سۆز قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى كورىيەدىكى دوستانە زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇپ 9-ئاينىڭ 13-كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. (ئادىل ھاجى كېرەم)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

★ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىقىنىڭ 1350 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ۋە تەرەققىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. مىلادى 651-يىلى ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تارقالغانىدى، بۇنىڭغا بۇ يىل دەل 1350 يىل بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن **جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى** 11-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە بېيجىڭدا «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. يىغىنغا مەملىكەت بويىچە 14 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ، شەھەر ۋە مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، دۇڭشياڭ، سالار، خەنزۇ مىللەتلىرىدىن بولۇپ، 70كە يېقىن مۇتەخەسسىس-ئالىم ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىندا جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى، ئىسلام مەدەنىيىتى، غەربىي رايونلارنى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار دائىرىسى بويىچە 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ ئۆتۈلدى. (ئۆز مۇخبىرىمىز)

★**خوتەن** ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2001-يىل 7-ئاينىڭ 9-كۈنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يىغىنغا 200دىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار ۋەكىلى ھەم ۋىلايەت، ناھىيە(شەھەر)لىك بىرلىكسەپ، مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىندا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق بۇ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 45 ھەيئەت ئەزاسى، 21 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بارلىققا كەلدى؛ ئابدۇلېتىپ داموللا ھاجى رەئىسلىككە، يالقۇن سىراجى، دۆلەت ھاجى، ئابلەت مەخسۇم، ئابلىز قارىي مۇئاۋىن رەئىسلىككە، يالقۇن سىراجى قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلاندى. (مەتنىياز ئىمىن)

★بۇ يىل 9-ئاينىڭ 11-كۈنى **خوتەن** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3- نۆۋەتلىك 2- سانلىق دائىمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا دائىمىي ئەزالار ۋە ناھىيە (شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى قاتناشتى. يىغىندا ئاساسلىقى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تۈزۈپ تارقاتقان «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» دېگەن كىتابتىكى ۋەز-تەبلىغلەرنى ئاممىغا يەتكۈزۈش مەسىلىسى قارالدى ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. (يالقۇن سىراجى، ئابدۇلئەھەد ئالىم)

★**سانجى** ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 7-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 11-كۈنىگىچە سانجى شەھىرى ياجوڭ مېھمانخانىسىدا تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە ئوبلاستنىڭ ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)، يېزا-بازارلىرىدىن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، دوڭشياڭ قاتارلىق مىللەتلەر ئاخۇن-موللىلىرى ئىچىدىن تاللانغان 54 ۋەزچى قاتناشتى. مۇسابىقە خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر، قازاق تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسىغا 32 خۇيزۇ ۋەزچى ئۇيغۇر، قازاق تىلى گۇرۇپپىسىغا 22 ۋەزچى قاتناشتى. (مايۇچى)

★**كېرىيە** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2001-يىل 8-ئاينىڭ 13-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئېچىلدى، يىغىنغا مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى ۋە دىن خىزمىتى كادىرلىرى ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىندا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق 78 ھەيئەت ئەزاسى، 23 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بارلىققا كەلدى؛ ئىمىن ھاجى رەئىسلىككە، دۆلەت ھاجى، يۈسۈپ قارىي ھاجى، ئادىل ئەمەر مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئادىل ئەمەر قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلاندى. (ئادىل ئەمەر)

# ئىسلام مائارىپى

★دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى بىلەن **جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ شىنجاڭ تولۇق كۇرس سىنىپى** بۇ يىل قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. شىنجاڭدا ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭدىكى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ بۇ سىنىپى توختاپ قالغانىدى. بۇ يىل شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى ئوقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش شەرتلىرى بويىچە ئىمتىھانغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئىچىدىن ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارنى ئەستايىدىل تاللاپ كۆرسەتتى. موشۇ ئاساستا شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە ئىككى ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىنىپ 200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى بۇ ئىككى مەيداندىكى ئىمتىھان ئېلىش ئىشلىرىغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى قەشقەردىكى ئىمتىھان مەيدانىغا مەخسۇس بېرىپ ئىمتىھان مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە سالاھىيەت شەرتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاخىر ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، سالار مىللەتلىرىدىن بولغان 26 نەپەر ياش جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ 2001-يىللىق بەش يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىغا رەسمىي تالىپلىققا قوبۇل قىلىندى. بۇ تالىپلار بىرىنچى يىلى مەخسۇس خەنزۇ تىل-يېزىقى ئۆگىنىدۇ، ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ ئەرەبچە ۋە دىنىي دەرسلەرنى ئوقۇيدۇ، ئاخىرقى يىلى مەلۇم مىقداردا ئىنگلىزتىلى ئۆگىنىدۇ. دەرسلەر %70 دىنىي دەرس، %30 مەدەنىيەت ۋە سىياسىي قانۇن دەرسلىرى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 10-ئاينىڭ 8-كۈنى دەرس باشلاش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى قاتناشتى. ھازىر تالىپلار پۈتۈن زېھنى ۋە قىزغىنلىقىنى سەرپ قىلىپ خەنزۇ تىلى-يېزىقى ئۆگەنمەكتە. (ئۆز مۇخبىرىمىز)

★**شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى** 3-قېتىملىق ۋەز -تەبلىغ مۇسابىقىسى 6-ئاينىڭ14-كۈنى دارىلفۇن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقە سورۇنىغا ئۇستاز-تالىپ ۋە تەكلىپ بىلەن كەلگەنلەر بولۇپ جەمئىي 220دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. 10 تالىپ مۇسابىقىگە چۈشتى، ئاخىر97-يىللىقتىن شېرىپ ھاجى بىرىنچىلىككە، 97-يىللىقتىن ئابدۇمجىت ناسىر، 2000-يىللىقتىن ئابدۇللا ئىككىنچىلىككە،98-يىللىقتىن نۇرئەلى ، 2000-يىللىقتىن ئابدۇقادىر، 97-يىللىقتىن ئىمام ھەسەن ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى ۋە نەق مەيداندا مۇكاپاتلاندى.

(مۇسا ئىمىن)

★2001-يىل 7-ئاينىڭ 6-كۈنى **قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى **دىنىي مەكتەپ** 8-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپ 40 بولۇپ،ئۇلار ئۈچ يىللىق ئوقۇش داۋامىدا بەلگىلەنگەن 27 خىل دىنىي كىتابنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ھەم سىياسەت، قانۇن دەرسلىرىنى تولۇق ئوقۇپ لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇلار چەت-يىراق جايلاردىكى ئىمامى كەم مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★2001-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى **قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى **دىنىي مەكتەپ** 10-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قاراردا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 50 بولۇپ، ئۈچ يىل ئوقۇيدۇ. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★ **بايىنغولىن** موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان تۇنجى قارارلىق ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپى 2001-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ سىنىپ 1999-يىل 4-ئايدا ئوقۇش باشلىغان بولۇپ، 30 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئۇلار ئىككى يېرىم يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇتۇش پىلانىدىكى دەرسلەرنى تولۇق ئوقۇپ، ئوقۇشنى لاياقەتلىك پۈتتۈردى. (مەھەممەت تۇرسۇن)

★ **مەكىت** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 5-قارارلىق دىنىي زاتلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى يېقىندا ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئاچتى. بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 40 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نۇقتىلىق جۈمە مەسچىتلىرىدە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان، دىنىي بىلىمى بىر قەدەر تۈزۈك بولغان دىنىي زاتلاردۇر. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★**يەكەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 13-قارارلىق دىنىي ئىز باسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 2001-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى كۇرسقا قاتناشقان دىنىي زات 100نەپەر بولۇپ، ئۇلار ئالتە ئايلىق ئۆگىنىش كۇرسىنى لاياقەتلىك تۈگەتتى. 2001-يىلى 6-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 12-كۈنىگىچە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يەنە يەتتە قارار كۇرس ئېچىپ،

جەمئىي 575 خاتىپ-ئىمامنى تەربىيىلىدى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★ **پوسكام** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 5-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن باشلاپ ناھىيىنىڭ ھەر قايسى يېزا-بازارلىرىنى بىرلىك قىلىپ غەسسالارنى(مېيىت يۇغۇچىلارنى) تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. بۇ قېتىمقى ئىككى كۈنلۈك كۇرس ئالتە قارار ئېچىلدى، ھەر قاراردا 40 تىن بولۇپ 240 غەسسال تەربىيىلەندى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★ **قەشقەر كونىشەھەر** ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى 2008-يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە ھەر قايسى يېزا-بازارلاردا دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا ۋاليبول، ئارقان تارتىش مۇسابىقىسى ۋە شېئىر-مەرسىيە ئوقۇش قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، بۇ پائالىيەتكە ھەر قايسى يېزىلار بويىچە 1130 دىنىي زات قاتناشتى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

★ **پوسكام** ناھىيىسىنىڭ تۇغچى يېزىسىدا ئاممىنىڭ ئارزۇتەلىپىگە ئاساسەن تۇنجى قارارلىق **غەسسالە** (ئايال مېيىت يۇغۇچى)لەر كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا لاياقىتى توشقان 20 ئايال قاتناشتى، ئۇلار ئىككى كۈن دەرس ئاڭلاش ئارقىلىق مېيىت يۇيۇش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى؛ يەنە سەيلى يېزىسىدا ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن بۇ يىل 5-ئاينىڭ 25-، 26-كۈنلىرى غەسساللەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا سالاھىيىتى توشقان 29 ئايال قاتناشتى. (تۆمۈر دوستلى، ئابلىمىت ئابدۇخلىق)

★ **گۇما** ناھىيىسى بۇ يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە دىنىي زاتلارنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتى ھەققىدە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ناھىيىگە قاراشلىق 15 يېزا-بازار ۋە ئىككى مەيداننىڭ بىرلىكسەپ كادىرلىرى، جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام-خاتىپلىرىدىن بولۇپ 120 كىشى قاتناشتى. (ئابدۇكېرىم قۇربان)

★ **قاراشەھەر** ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇر چوڭ مەسچىتىدە 2001-يىل 5-ئاينىڭ 31-كۈنى دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلەش ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئېچىلدى. بۇ قېتىم ئالتە دىنىي زاتقا 18 تالىپنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. ھەر بىر دىنىي زاتقا ئۈچ تالىپ تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تالىپلار ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ئوقۇيدۇ. (ئوسمان تۇرسۇن)

★ **بىڭتۇەن** 2-قارارلىق ياش دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 2001-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 51-تۇەندە ئوقۇش باشلاپ، 8-ئاينىڭ 2-كۈنى بەلگىلەنگەن دەرسلەرنى تولۇق تاماملاپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. كۇرسقا قاتناشقان 30 نەپەر ياش دىنىي زاتنىڭ ھەممىسى لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈردى. (ھەسەنجان قۇربان، مۆمىنجان قادىر)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▲ **شىخەنزە** شەھىرى كونا بازار ئۇيغۇر مەسچىتى ھەيئەت مۇدىرى مۇھەممەد شاھ ھاجى مەرھۇم ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، مەرھۇمنىڭ يەتتە نەزىرىگە ئاتىغان 5000 يۈەننى شەھەرلىك 6-مىللىي ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىئانە قىلدى. (مەخمۇت مۇھەممەت)

▲ **ئاتۇش** شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى ئىكساق كەنت جامەسىنىڭ خاتىپى ھەببۇللا قارىي ھاجى مەرھۇم ئايالىنىڭ نەزىر-چىراغ ئىشلىرىغا ئاتىغان 3000 يۈەن پۇلنى ئىكساق ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلدى.

(غالىپجان مۇھەممەد)

▲ **پوسكام** ناھىيە سەيلى يېزا يېڭى باغ كەنت مەسچىتىنىڭ خاتىپى مۇھەممەد ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدىكى 12 دىنىي زات بۇ يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىدا 1200 يۈەن چىقىرىپ، شۇ كەنت مەكتىپىدىكى قىيىنچىلىقى بار 60 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلىنى تۆلىگەن؛ يەنە شۇ كەنتتىن مەلۇم ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان، قىيىنچىلىقى بار بىر ئوقۇغۇچىغا 300 يۈەن ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇنداقلا مىڭلىق كەنتىدىكى دىنىي زاتلار تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا 1000 يۈەن ياردەم قىلغان. يىلقا يېزا 6-كەنت 4-مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىبراھىم ياسىن قاتارلىق ئۈچ دىنىي زات 300 يۈەن چىقىرىپ، شۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئۈچ دانە سۇ تۇڭى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. كۆيۋاغ يېزا خانئېرىق كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى موللا قۇۋان، ئىسلام قۇربان 350 يۈەن پۇل چىقىرىپ شۇ كەنتتىكى ئۈچ نامرات دېھقانغا 350 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت ئېلىپ بەرگەن. مەلۇم يېزىدىكى بىر دىنىي زات يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 3000 يۈەن ياردەم قىلغان. يەنە بىر قىسىم دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرگە ئاشلىق، كۆمۈر، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى ياردەم قىلغاندىن باشقا ئۇلارنىڭ يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەرگەن. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

▲ **مەكىت** ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق سەككىز مەسچىتتىكى 18 دىنىي زات 7-ئاينىڭ 18-كۈنى 4150 يۈەن پۇل يىغىش قىلىپ، مەكىت زەرەپشان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئىشچى-دېھقانلارغا نان، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئاپىرىپ بېرىپ ھال سورىدى. بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق

مەيدانى مەسچىتىنىڭ ئىمام-مەزىنلىرى 1200يۈەن يىغىش قىلىپ، بىر كېسەلگە شاپائەت قولىنى سۇندى. يەنە مەكىت ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى 3-ئاھاللار كومىتېتىنىڭ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەت ئەزاسى ئابدۇرېھىم 7-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۆز يېنىدىن 1000يۈەن چىقىرىپ قىيىنچىلىقى بار توققۇز ئائىلىگە ئىئانە قىلدى. (توختى ئاۋۇت، تۇرسۇن ئوسمان)

▲ **لوپ** ناھىيە گوزەلنۇر مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئادىل قارىي ھاجى يېقىنقى تۆت-بەش يىل ئىچىدە ھاگكىيا يېزىلىق ياشانغانلار سانائورىيىسىدىكى ئىگە-چاقىسىز 26نەپەر ئاجىز-مېيىپقا ۋە يېتىم-يېسىرغا داۋاملىق خالىس ھالدا 750يۈەن قىممىتىدە ئاشلىق، كىيىم-كېچەك نەق پۇل ياردەم قىلدى. (ھىدايەت ئەخمەت)

▲ **توقسۇن** ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل قارابوران ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلققە، مائارىپقا، يېتىم-يېسىر ۋە ئاجىزلارغا، ياشانغانلار سانائورىيىسىگە 7756يۈەن پۇل، 3322يۈەنلىك ماددىي بويۇم، 1050كىلوگرام ئاشلىق، بىر ماشىنا كۆمۈر ياردەم قىلدى.

(شاھمەردان ئىمىنىياز)

▲ **كۇچار** ناھىيىسى چىمەن يېزىسىدا 2001-يىل 4-ئايدا قارابوران ئاپىتى بولغاندا 10دىنىي زات ئۆز مەھەللىسىدىكى 10 نامرات دېھقانغا 1939 يۈەن پۇل، 1400كىلوگرامدىن ئارتۇق بۇغداي ياردەم قىلدى. (روزى مويدۇن)

▲ **خۇشۇت** ناھىيە تېۋىلغۇ بازارلىق ئۇيغۇر مەسچىتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە جامائەت نامرات ئائىلىلەرگە كۆمۈر، ئۇن ئېلىپ بەردى ھەم 293يۈەن پۇل ياردەم قىلدى، ئۈچ نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. سۇزۇك سۇ يېزا ئىگىلىك مەيدانى 2-دۈيدىكى دىنىي زاتلار ۋە بىر قىسىم جامائەت ئىككى يېتىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇللىرىنى كۆتەردى. چۇققۇ يېزا تەۋەلىكىدىكى ئۈچ مەسچىتتىكى جامائەت خۇشۇت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلا ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىقتىساد توپلاپ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقىيالماي ئوقۇشىغا يول ھازىرلىدى. ئۇششاقتال خويزۇ مىللىي يېزىسى ئۇيغۇر مەسچىتىدىكى دىنىي زاتلار 250يۈەن پۇل چىقىرىپ،ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىدى. بورتا چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى جامائەت دوستلۇق مەسچىتىنىڭ ئىمامى ياسىن ئالىنىڭ باشچىلىقىدا ئالتە نەپەر ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىسىغا بىر مەۋسۈمگە يېتەرلىك ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى. (ھامۇتجان)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▲ **تۇرپان** شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزا چىلانلىق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇكېرىم ھاجى ئون يىلدىن بېرى ھەر يىلى ئاخىرىدا ئۈزۈملىرىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ئاجرىتىپ ئاجىزلارغا ۋە كەنتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىپ، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە، ئۇنىڭ موشۇنداق خالىسانە ياردەم پۇلى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ئۆتكەن يىلى ئۇ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت ھارپىسىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى قارىغۇچىسى يوق كېسەلچان، ئاجىز، مىسكىنلەرگە 2600يۈەن قىممىتىدە ئۇن، ماي ئېلىپ بەردى، توي قىلىشتا قىسىلىپ قالغان ئىككى كىشىگە مىڭ يۈەندىن ياردەم قىلدى. (ھاجى ياقۇپ ئۆمەر)

▲ **پىچان** ناھىيە چولپان يېزا غەيۇن 1-كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئوبۇلقارى ھاجى ئالتە يىل مابەينىدە نامرات 21 كىشىگە4300 يۈەن نەق پۇل بەردى، يەتتە ئائىلىگە 443 يۈەن قىممىتىدە 12 قۇر قىشلىق ھەم يازلىق كىيىم قىلدۇرۇپ بەردى، 14 كىشىگە 240 يۈەن قىممىتىدە 14 تۇماق ئېلىپ بەردى. يەنە تۆت ئائىلىگە 1.5توننا كۆمۈر ئېلىپ بەردى، يەتتە يىلدىن بېرى ئۇزۇقلۇق ئاشلىقى يېتىشمىگەن 15 ئائىلىگە 3000كىلوگرام ئاشلىق، 15 كىلوگرام ياغ،27 كىلوگرام گۆش ياردەم قىلدى. پۇلى يوق داۋالىنالماي قالغان بىر كېسەلگە 495 يۈەن ئىئانە توپلاپ بەردى، يەنە قىشتا مەكتەپكە بارالمىغان 12 ئوقۇغۇچىغا 12 قۇر قىشلىق كىيىم ئېلىپ بەردى. ئۆز يېزىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كېرەكتىن چىققان بىر سىنىپىنى3110 يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ ئۆلچەمگە لايىق سالغۇزۇپ بەردى.

(ئابدۇرەھىم مۇھەممەد)

**قىسقا خەۋەر: شىخەنزە** شەھىرى كونا بازار مۇسۇلمانلار مەسچىتى كونىراپ خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقتىن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى، كەڭ جامائەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە مەسچىت ھەيئەتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 2000-يىلى 4-ئايدا مەسچىتنى قايتا سېلىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، شۇ يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى رەسمىي ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا كەڭ جامائەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەسچىتكە 22800 يۈەن نەق پۇل، 34 پارچە گىلەم، جايناماز ئىئانە قىلدى. ئىئانە پۇلىنىڭ بىر قىسمى مەسچىتكە قالدۇرۇلدى، قالغىنى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. يېڭى مەسچىت ئۈچ قەۋەت، كۆركەم، ئازادە بولۇپ،شەھەرلىك ھۆكۈمەت دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۇنىڭغا" شىخەنزە شەھىرى كونا بازار ئۇيغۇر مەسچىتى" دېگەن نام بېرىلىپ، ئۇيغۇرچە،خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا ۋىۋىسكا ئېسىلدى. ( مەخمۇت مۇھەممەد)

## 2001-يىللىق ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسلىق مۇندەرىجىسى

### ئالاھىدە خەۋەرلەر


رەئىس لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى..........(1.4)

يېڭى ئەسىردە يېڭىچە قەدەم باسايلى ..........«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (1.8)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەيلى.......... ئىسمائىل ئەھمەد (2.4)

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى بېيجىڭدا قۇرۇلدى.......... بارات رەجەپ (2.12)

4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.......... ئۆز مۇخبىرىمىز (3.4)

جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» كىتابىنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى..........بارات رەجەپ ( 4..4)

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىللىقى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى..........بارات رەجەپ (4.6)


### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ئىسلام دىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئەدەپ-ئەخلاق ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا...فېڭ خۇەيشىن (2.18)

ئىمان ۋە بەخت..........سابىر ئىمام (3.6)

ۋاقىت، پۇل ۋە بىلىم توغرىسىدا.......... ئابدۇۋايىت خۇدابەردى (3.9)

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى .......... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (4.13)


### «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى


«قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى — «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى، تەلەپپۇزى ۋە قىرائەت قىلىنىشى..........ھاجى يەھيا سەنۇبەرلىن سۇڭ (1.16)

سۈرە «فاتىھە»نىڭ مەزمۇن ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتىكى تەڭداشسىزلىقى.......... رىشىت ئاخۇن (1.37)

«قۇرئان كەرىم»بىلىملىرى خەزىنىسى— «قۇرئان كەرىم» تەپسىرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەر.......... ھاجى يەھيا سەنۇبەرلىن سۇڭ (2.43)(3.16)

«رەھمان»سۈرىسىدە قوللىنىلغان تەكرارلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ..........جارۇللا يۈسۈپ (3.37)

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى ھەققىدە..........يۈسۈپجان سەمەت(4.18)


### ۋەز-تەبلىغ


جىھاد دېگەن نېمە؟ جىھادنى قانداق چۈشەنگەندە توغرا بولىدۇ؟.......... ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئېنلىن (1.42)

ۋەز سۆزلەش قائىدىسى .......... مۆھتەرەم ھاجى (2.27)

ئىسلام دىنى ئاماكا چېكىشنى مەنئىي قىلىدۇ..........قۇربانجان مەتىمىن (3.46)

ئىسلامدا ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى..........ياقۇپ ئوسمان (3.50)

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاللاھنىڭ چاقىرىقىدۇر..........سابىر ئىمام(4.36)


### ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى


سالامنىڭ ھېكمىتى، پەزىلىتى ۋە ئەدەب قائىدىلىرى..........تاھىرجان ھاجى ياقۇپ (1.49)

ھايا توغرىسىدا..........تاھىرجان ھاجى ياقۇپ(3.41)

مىسۋاك ئىشلىتىش (چىشنى چوتكىلاش) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك سۈننىتى.......... ئىسمائىل ياقۇپ (3.43)

ئائىلارنىڭ ھەم بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرەيلى.............................. ياقۇپ ھەمدۇللا (4.38)
ئائىلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ..........................................ئابلىكىم ئابلىز (4.43)
ئىسلام دىنىدىكى پەرزەنت تەربىيىلەش توغرىسىدا .............................. ئەخمەتجان ئابلىمىت(4.45)

## ئالىم- ئۆلىمالار

ئىسلام دىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ............................ مۇھەممەدجان ئىبراھىمجان (4.21)

## ئىسلام قائىدە-يوسۇنلىرى

قەبرە زىيارەت قىلىش ھەققىدە....................................................ئىسمائىل ياقۇپ (4.46)
بۆشۈك ناخشىسى ياكى تويلۇقى ۋە تۇرمۇشى.......................................ئابدۇۋاھىد توختى (4.51)

## مەسچىت-مەدرىسلەر

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى........................................................ھۆسەنجان تۇرسۇن (1.51)
شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىت................................................ماپىنيەن (4.55)

## ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

دۇنيا تىرىكچىلىكنى توغرا يولدا قىلايلى..........................................ئوسمانجان جۇمە (1.58)
«قۇرئان كەرىم» روھىدىن ھازىرقى زامان نەزەر-چىراغ ئۆتكۈزۈش ۋە ئۆلۈم-يىتىم ئۆزىتىش ئىشلىرىمىزغا بىر نەزەر.......................................................... ئابدۇراخمان ئىسمائىل (3.52)
ھەشەمەتچىلىكنى قاچانمۇ تۈگىتەرمىز.............................................ئابدۇرەھىم ئەمەت (3.56)
ئەھلى ئىلىملەر ئۇبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەردىن قەتئىي ساقلىنايلى.....................ئابدۇراخمان ئىسمائىل(4.52)
ئىسلام دىنىغا يات بۇنداق بىمەنە ئىشلار قاچان تۈگەر؟.......................خۇرشىدە قادىر (4.54)

## ئىسلام ئاسارە- ئەتىقىلىرى

قەيس خوجام مازىرى..........................................................ھاجى يۇنۇس سادىق (1.61)

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارىمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، تاق باھاسى تۆت يۈەن، يىللىق باھاسى 16 يۈەن، يىللىق تۈپلام باھاسى 25 يۈەن (تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ). ژۇرنىلىمىز پوچتىخانا، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ. پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 167—58.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىللىقى سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر





مۇدىر ئابدۇللا ھەمدۇللا يىغىندا سۆز قىلماقتا.



يىغىن مۇزاكىرىسىدە ۋەكىللەر قىزغىن پىكىر ئالماشتۇرماقتا.



مۇئاۋىن رەئىس، باش مۇھەررىر شەمشىدىن ھاجى يىغىندا دوكلات بەرمەكتە.



مۇنەۋۋەر ئاپتورلار



ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋەكىللىرى



ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار شەخسلەر



يىغىن قاتناشچىلىرى نەنسەن ساياھەت رايونىدا